چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ نادىر ئەسەرلىرى

# ئۆلۈم رەزىل ئەمەس



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى



## تەرجىمە قىلىپ تۇزگۇچىنىڭ ئىلاۋىسى

شائىرنى ئىلھامغا ئىگە قىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ چېكى بولمى-سا كېرەك. ئىلھام تاسادىپىي پەيدا بولۇپ، كۈتۈلمىگەندە غايىب بولىدۇ، شائىر ئۆزىنىڭ قانداقىسىگە بىردىنلا لەرزىگە كېلىپ قال-غانلىقىنى بىلمەيلا قالىدۇ. ئىشقىلىپ، ئۇ ئىلاھىي مۆجىزىنىڭ ئىنسانىدىكى بىر تەركىبى.

باشقا شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى مېنىڭ ئىلھام مەنبەلىرىمنىڭ بىرى، مېنىڭ نەزىرىمدە شېئىر ئوقۇش شائىرانە سەزگۈرلۈكنى تاۋلاشنىڭ بىر يولى. يېڭىچە بىر ئوخشىتىش، ئۆزگىچە بىر شە-كىل، روشەن خاسلىققا ئىگە بىر سىما (意象) مېنى ھەيران قال-دۇرىدۇ. شائىرنىڭ كۆزىتىش سەزگۈرلۈكىنى، تىلنىڭ قۇدرىتىدىكى ئاجايىباتىنى يېڭى بىر پەللىدە بايقاش بەختىگە مۇيەسسەر بولغىنىم-دىن راھەتلىنىپ كېتىمەن. شائىرنىڭ ئىپادىلەش جەھەتتىكى يېڭى كەشپىياتلىرى ھەربىر تىلدا ئۆزگىچە بولىدۇ، ھەربىر تىلدىكى مە-دەنىيەتنىڭ پۇرىقى كۆڭۈلنى مەھلىيا قىلىۋالىدۇ. مەن باشقا تىلد-كى شائىرلارنىڭ ئىپادىلەشتىكى تىل كۈچىدىن يېڭىلىق ھېس قىل-غىنىمدا، ئۇنى ئانا تىلىمدا ئىپادىلەپ باقسام قانداق بولار، دېگەن خىياللارغا كېلىمەن ـ دە، تەرجىمىگە تۇتۇنىمەن. ئىككى خىل تىل، ئىككى خىل مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ نۇقتىسىدا ھەر ئىككى مەدەنىيەتكە بولغان ھۆرمەتنى مۇۋاپىق گەۋدىلەندۈرۈشنىڭ نەقەدەر قىيىنلىقىنى شۇ چاغلاردا چۈشىنىپ قالىمەن. مەلۇم مەنى-دىن ئېيتقاندا، تەرجىمە ئىككى تىلنىڭ ئىپادىلەش بەيگىسى، بۇ بەي-گىنىڭ ئەۋجى شېئىرنىڭ تەرجىمىسىدە ناھايىتى ئېنىق ئەكس ئې-تىدۇ. بۇ بەيگىگە ئات سالغۇچى ھەمىشە زەپەردىن ئۈمىد كۈتۈشكە ھەقلىق بولالمايدۇ، بەزىدە ئۇ مەغلۇپ بولغۇچىغا ئايلىنىدۇ. دېمەك، شېئىر تەرجىمە قىلىش بىر مەيدان تەۋەككۇلچىلىك.

مەن ئۆگىنىش ئۈچۈنلا تەرجىمە قىلىمەن، ئەسلىي تېكىست بىلەن ئانا تىلىم ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقتا قايتا ئىجادىيەت قىلىشقا تىرىشىمەن. مۇشۇ ئېغىر ئەمگەك جەريانىدا ئەسلىي تېكىستتىكى سەنئەت دۇنياسىنى ئىنچىكە زىيارەت قىلىمەن. مېنىڭچە، بىر شائىرنىڭ ئىستىلى ۋە پىكرىي قۇۋۋىتى مۇئەييەن دەرىجىدە باشقا شائىرلارغا بولغان بايقاشتىن خالىي بولالمايدۇ. ئەلىشىر نەۋايى «لىسانۇتتەير» («قۇشلار تىلى»)نى قەلەمگە ئالغاندا، روھىي ئالەمگە پەرىددىن ئەتتارنىڭ ئەلپازى بىلەن يۈرۈش قىلغانىدى ۋە ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر تىلىنى يېڭى ئىبارە، يېڭى ئىپادىلەش شەكىللىرى بىلەن بېيىتقانىدى. تەرجىمە مەيلى شەخسنىڭ ئىجادىيەت ئىقتىدارىدا بولسۇن، مەيلى پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئەدەبىيات تەرەققىياتىدا بولسۇن كەم بولسا بولمايدۇ. بىر مىللەتنىڭ تىلىمۇ باشقا تىللاردىكى كىلاسسىك نامايەندىلەرنى تەرجىمە قىلىش داۋامىدا ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرىدۇ.

ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىمدە، بىر قىسىم چەت ئەل شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىنىڭ تەرجىمىسىدىن تۈزۈلگەن «خەزىنە گىرۋەكلىرى» ناملىق نېپىز بىر توپلامنى كۆپ ئوقۇغانمەن. بۇ توپلام مېنىڭ شېئىر توغرىسىدىكى ھېسسىي چۈشەنچىلىرىمنى ئاشۇرغانىدى. پۈشكىن، لېرمونتوف، گېيوتېلار بىلەن تەرجىمە ئارقىلىق ئۇچراشقانمەن. ئۇلار ئۇيغۇر تىلى ئەدەبىي تەرجىمانلىرىمىزنىڭ ئەمگىكى ئارقىسىدا مېنىڭ مەنىۋى ئۇستازلىرىمغا ئايلانغانىدى. بۇنىڭدىن مەن بىر شائىر ئۆزىگە ئىلھام ئاتا قىلالىغان باشقا تىلدىكى شائىرلاردىن ئۆرنەكلەرنى كەلتۈرۈپ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئاز - تولا تەرجىمە مىراسلارنى قالدۇرۇپ قويسا، ھامان ئەھمىيىتى بولىدىكەن، دەپ ئويلىغانىدىم.

ئۆگىنىش داۋامىدىكى تەرجىمىلىرىمنى مەتبۇئاتقا سۇنۇپ تۇردۇم. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىرەر توپلام بولغۇدەك شېئىرلارنى تەرجىمە قىلىپ، ئېلان قىلغان بوپتىمەن. ناۋادا بۇ تەرجىمىلىرىم (يەنە بىر قىسىم تەييارلىمىلار) كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشىپ قالسا، كېيىنكىلەر ئۈچۈن ئىجابىي ئۆر-

نەك بولۇپ قالار، ناۋادا ئۇلار كىشىلەرگە ياقماي قالسا، تەتقىقاتچىلار ئۈچۈن سەلبىي مىسال بولۇپ قالار.

تەرجىمە ئەسلىي تېكىستتىكى ئۇسلۇب، شەكىل ۋە مەدەنىيەتنى تەرجىمان مەنسۇپ بولغان مەدەنىيەتنىڭ ئورانى بويىچە چۈشىنىشتىن خالىي بولالمايدۇ. شۇڭا، بۇ مەنىدە شېئىرنى تەرجىمە قىلغىلى بولمايدۇ، دېگەن نەزەرىيەۋى ھۆكۈممۇ بارلىققا كەلگەن. ئامېرىكا شائىرى روبېرت فروست (Robert Frost): «شېئىر دەل تەرجىمە داۋامىدا يوقاپ كەتكەن نەرسە» دېگەنىكەن. كىمدۇر بىرى يۇمۇرلۇق قىلىپ، تەرجىمە شېئىرنى ئوقۇش گۈزەلنىڭ قولىنى قول ياغلىقىنىڭ ئۈستىدىن سۆيگەندەك بىر ئىش، دېگەنىكەن. قانداقلا بولمىسۇن، تەرجىمە شېئىر ئەسلىي شېئىرنىڭ ئۆزى ئەمەس. تەرجىمە ئەمەلىيىتى ۋە تەرجىمە نەزەرىيەسى تەرجىمىنىڭ ئەسلىي ئەسەردىن مۇئەييەن دەرىجىدە چەتنەش ئىكەنلىكىنى ئاساسەن مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. شائىرنىڭ ئۇسلۇبى پەقەت ئۇنىڭ ئىجادىيەت تىلىدىلا تولۇق كۆرۈلىدۇ.

مىللەتلەر ۋە قوۋملارنىڭ بىر - بىرىنى چۈشىنىشىگە بولغان ئېھتىياجى ئەدەبىي تەرجىمىدىكى تەۋەككۈل ئۇرۇنۇشلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. شېئىرىيەت تەرجىمىچىلىكى ئەسلىي تېكىستكە بولغان ئاشىقلىقنىڭ تۈرتكىسىدە بارلىققا كەلگەن ئاسسىمىلياتسىيە جەريانى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ھافىز شىرازى ئون خىل تىلدا ئون خىل ھافىزغا ئايلىنىدۇ. بۇلار پارس تىلىدىكى ھافىزنى ئوربىتا قىلىدۇ. شائىرنىڭ روھى تەرجىمە ئارقىلىق ئۈزۈكسىز كۆچۈپ تۇرىدۇ ۋە يېڭى بىر ۋارىيانتتا ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا خېلى كۆپ تەرجىمە شېئىرلار بارلىققا كەلدى. بۇرۇن چەكلىك تەرجىمە ئەسەرلەرگە قاراپ قالىدىغان ۋەزىيەت ئاللىبۇرۇن كەلمەسكە كەتتى. ئوقۇرمەنلىرىمىز تاللاپ ئوقۇش دەۋرىگە قەدەم قويدى، شېئىرلارنىڭ تەرجىمىلىرىنى سېلىشتۇرۇپ ئوقۇش، سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلىش مۇمكىنچىلىكى روياپقا چىقىپ بولدى. بىراق، تەرجىمە تەنقىدچىلىكى بىز تېخى ئۇلىشالمىغان پەللە بولۇپ قالدى. مەۋجۇتلۇق

ۋەسۋەسىسىدە تۇرۇۋاتقان تىلىنىڭ ئۇ دەرىجىدىكى تەتقىقات يۈكسەكلىكىگە يېتىشىنى كۈتۈش ھازىرچە مۇمكىنسىز بولسىمۇ، ئەمما تەرەققىيات ئىستىقبالىنى كۆزلىگەن بىر تىل ھامان شۇ خىل پەللىگە ئات چاپتۇرۇشى كېرەك بولىدۇ.

ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇكى، بىزنىڭ شېئىرىيەت تەرجىمىچىلىكىمىز پىشىپ يېتىلگەن باسقۇچقا تېخى كىرگىنى يوق. بىز كۆپ ھاللاردا نۇرغۇن چەت ئەل شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىنى نوقۇل خەنزۇچە نۇسخىلار ئاساسىدا تەرجىمە قىلىش بىلەن چەكلىنىدۇق. ئەسلىدە بىز لوركانى ئىسپانچىدىن، بودلېرنى فىرانسۇزچىدىن، ئېلىتىسنى گىرېكچىدىن تەرجىمە قىلىشىمىز كېرەك ئىدى، ئۇنداق قىلماي تۇرۇپ يېتىلگەن ئەدەبىي تەرجىمىچىلىكنى مەيدانغا كەلتۇرگىلى بولمايدىغانلىقى بىزگە ئايان. ھازىرچە ئەمەلگە ئاشمىغان ئۇ تەلەپلەرنى يېقىن كەلگۈسىدىكى ئەۋلادلىرىمىزدىن كۈتۈشكە توغرا كېلىدۇ. بىزنىڭ تەرجىمىلىرىمىز ئەنە شۇ ئەۋلادلارنىڭ نەزىرىگە قوپال بىر يالدامىدەك كۆرۈنۈشى تۇرغانلا گەپ. ھازىرقى ئەھۋالدا بىز شۇنى مۇئەييەنلەشتۇرەلەيمىزكى، مەتبۇئاتلىرىمىزدىكى تەرجىمە شېئىرلار سۆز، جۈملە، قۇرۇلما نۇقتىسىدىن يېڭىچە بىۋاستە سېزىم، يېڭىچە غىدىق بېغىشلاش بىلەن شېئىرىيىتىمىزگە مۇئەييەن لەززەت ئېلىپ كەلدى.

بۇ يەردە پەقەت شېئىرىيەتكە بولغان مۇھەببەتتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن، مۇۋەپپەقىيەت كېيىنكە قالدۇرۇلغان.

مېنىڭ تەرجىمىلىرىمنىڭ كۆپلىرى خەنزۇچە مەنبەلەرگە تايانغان. بەزەن تۈركچە، ئۆزبېكچە مەنبەلەردىكى قولايلىقلارغا مۇراجەئەت قىلىندى. مېنىڭ تەرجىمىلىرىم تەرجىمە ساھەسىدىكى كەسپىي ئوبراز ئورۇنۇشىدىن كەلگەن بولماستىن، پەقەت ئۆگىنىش ھېرىسمەنلىكىنىڭ مەھسۇللىرى، خالاس.

ئابدۇقادىر جالالىددىن

2011 ـ يىلى 12 ـ دېكابىر، ئۈرۈمچى

# مۇندەرىجە


**رەسۇل ھەمزەتوۋ شېئىرلىرىدىن** ..... 1
ئادەملەر ئۆتكەندە سېنىڭ قېشىڭدىن ..... 2
ئوخشاتمايمەن غۇنچىغا سېنى ..... 2
ئېسىڭدىمۇ ..... 3
چاچ ..... 4
كېتەر بولدۇم ..... 5
شائىرنى قۇتقۇزۇۋالغان قىز ..... 6
قورقىمەن ..... 8
نېمىشقا ياش تۇرۇپ ئاقاردى چېچىڭ؟ ..... 9
**ئوكتاۋىئو پاز شېئىرلىرىدىن** ..... 12
كۈندۈز تېشى ..... 12
چۈش ..... 13
تولۇقلاش ..... 13
ئاشىقلار ..... 13
ھايات پىنھان ھەم ئايان ..... 14
شەھەردىكى گۈگۈم ..... 14
دېڭىزغا قاراش ..... 16
مونولوگ ..... 17
ئىنسان يىلتىزى ..... 18
ياز كېچىسى ..... 20
قۇش ..... 21
پاساھەت ..... 22
تەسەۋۋۇپ ..... 23

شاخ ........................................ 23
شامال ........................................ 24
بۇلۇت ........................................ 25
تۇۋلاش ........................................ 25
ئادەمسىز زېمىن ........................................ 26
ئۇيغۇنلۇق ........................................ 26
**ۋېرلېن شېئىرلىرىدىن** ........................................ 27
كۈز ناخشىسى ........................................ 27
گۈگۈم ........................................ 28
ئاي شولىسى ........................................ 29
يېشىللىق ........................................ 29
**ئېلىتىس شېئىرلىرىدىن** ........................................ 31
ئېگەي دېڭىزى ........................................ 33
تۈن لىرىكىلىرى ........................................ 35
«تونۇمايمەن ئەمدى زۇلمەت كېچىنى...» ........................................ 38
ياز تېنى ........................................ 39
تەنها قارلىغاچ ........................................ 41
جەننەتتىن پارچىلاپ چىقتىم بىر ئارال ........................................ 42
**ھېرمان ھېسسى شېئىرلىرىدىن** ........................................ 43
باھار ........................................ 44
سازلىق بۆرىسى ........................................ 45
مەڭگۈلۈك ياشىغۇچى ........................................ 46
نەي ........................................ 47
قۇمغا يېزىش ........................................ 48
مەكتۇپ ........................................ 50
**بورخىس شېئىرلىرىدىن** ........................................ 52
شېئىر سەنئىتى ........................................ 52
تالانت ........................................ 54

كومپاس.......................... 56
1966 - يىلىدىكى قەسىدە....................... 56
قەستداش.......................... 58
سىرلانغان ھاسا....................... 59
**گىلۋىك شېئىرلىرىدىن**....................... 61
سۇنۇۋاتقان گۇلخان.......................... 61
چۇمۇلە.............................. 62
**سىمبورسكا شېئىرلىرىدىن**......................... 66
دۇنىياغا بولغان چۇشەنچىمىز....................... 67
ھەرقانداق ئىش بولماس ئىككى رەت....................... 68
ھىمالاياغا چىقماي تۇرۇپ.......................... 69
تاسادىپىي كۆرۈشۇش........................ 70
**لاۋرېنس شېئىرلىرىدىن**....................... 72
جۇۋان.............................. 72
يىلان.............................. 74
ئۆلۈم رەزىل ئەمەس، ماشىنا رەزىل.................... 77
ئۆلۈم قولۋۇقى........................... 78
**ئاللىن گىنسبېرگ شېئىرلىرىدىن**................... 84
كۆز يېشى............................ 84
بېيجىڭ ئىلھامى.......................... 85
**شىۋېتسىيە ھازىرقى زامان شېئىرلىرىدىن**.................... 91
**ياكس ۋىروپ شېئىرلىرىدىن**........................ 92
ئىشىك.............................. 92
مۇھەببەت............................ 93
سەرەڭگە............................ 93
**بىرونو ئويېر شېئىرلىرىدىن**....................... 94
قول.............................. 94
ئايال.............................. 95

سېپىل ........................................ 95
دۇنيا ........................................ 96
ئۆلۈك ........................................ 96
**ئەن يېدىرلان شېئىرلىرىدىن ........................ 99**
كۆلەڭگە ........................................ 99
ناۋا ........................................ 99
ئوران ........................................ 100
ئايال گۇل تەشتىكىدەك ئېچىلدى ........................ 100
**شىمالىي ياۋروپا شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن ........ 102**
دىياگنوز ........................................ 102
ئاڭلا ........................................ 102
بۇ يولمۇ، بەلكىم ........................................ 103
يىراقنىڭ ئاۋازى كەتتى يىراقلاپ ........................ 103
ئېچىرقىغان دېڭىز ........................................ 103
ئۆلگەن ياشلىق ........................................ 104
دېڭىز ........................................ 105
**بىرەخت شېئىرلىرىدىن ........................................ 106**
1940 ........................................ 107
كۆكسۈڭدىكى تاغلار ........................................ 108
زەئىپ ........................................ 108
تاش سۆزلىسە ........................................ 109
بەك ئەقىللىق بولۇشنى ئىستىمە ........................ 109
كونا زامانلاردىن نېمىلەر قالدى؟ ........................ 110
كىتاب كۆيدۈرۈش ........................................ 110
باھار توغرىسىدا ........................................ 111
ئىنسانغا زادى نېمە كېرەك؟ ........................ 112
شامال بەرگەن نەزىرە ........................................ 113
بىر كۈن كېلىدۇ ........................................ 119

بىر ياپراق ئەۋەت........................ 120
بەرمەكلىك بەختى........................ 120
تۇتۇن........................................ 121
**گارسىيە لوركا شېئىرلىرىدىن**.................. 122
تالڭ............................................ 123
شەرق كۈيى................................... 124
دېڭىز سۈيى ھەققىدە قوشاق................ 128
مەنزىرە........................................ 129
گىتار.......................................... 129
پەرياد.......................................... 131
كېيىن.......................................... 131
غار............................................. 132
ۋىسال.......................................... 133
سەھەر......................................... 134
جىنچىراغ..................................... 134
تارازا........................................... 135
ھەرە كۆنىكى................................ 135
لەمپە.......................................... 136
دېرىزىدىن كۆرۈنگەن مەنزىرىلەر.................. 136
سونېت.......................................... 139
ئاي ۋە ھاشاراتلار مەنزىرىسى.................. 140
ۋەھىمە ھەققىدە غەزەل........................ 143
ئۈمىدسىز ئىشق ھەققىدە غەزەل................. 144
ئۆلۈك بالا ھەققىدە ناخشا....................... 145
تالادىكى چۈش................................... 145
ئالتۇن قىز قەسىدىسى.......................... 146
قارا كەپتەر قەسىدىسى.......................... 148
شائىرنىڭ مەشۇقىدىن مەكتۇپ تەلەپ قىلىپ يازغان خېتى... 149

تاتلىق شىكايەت.......................... 150
**نازىم ھېكمەت شېئىرلىرىدىن..................... 151**
كىم بولسام بولار؟.......................... 151
قىز بالا.................................... 152
قورالسىز ئىنسانلار......................... 153
ئۈمىدۋارلىق............................... 154
سەھەر..................................... 155
يولدا...................................... 155
قوشاق..................................... 156
دۇنيانى بالىلارغا بېرەيلى.................. 156
**نەجىب فازىل شېئىرلىرىدىن..................... 158**
دەيمەن..................................... 158
مەندىدۇر.................................. 159
ئانجانىم.................................. 159
كەل....................................... 160
ۋىدا...................................... 161
ئانامغا خەت.............................. 161
غۇربەت.................................... 162
**ئالېكساندىر بلوك شېئىرلىرىدىن...............163**
ئون ئىككى (داستان)........................164
**ماياكوۋىسكى شېئىرلىرىدىن...................183**
ئىشتانلىق بۇلۇت (داستان)..................183
**باشو خايكۇلىرىدىن...........................217**
سۈكۈت ۋادىسى.............................217
**قوشۇمچە (1)**
خايكۇ شېئىرىيىتى (俳句) ۋە باشو (芭蕉) خايكۇلىرى ھەققىدە
چۈشەنچە..................................238
خايكۇلاردىكى بوغۇم ۋە ئۇرغۇلار.............240

باشو (松尾芭蕉) ۋە ئۇنىڭ خايكۇ (俳句) ئىجادىيىتى . . . 241
**ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىگە كىر**
**گۈزۈلگەن تەرجىمە شېئىرلار** .............................. 246
كېچە .............................................. 246
تومۇزغا بىلەن چېكەتكە ............................. 247
ۋەتەن .............................................. 248
نېگىرلارنىڭ نەزىرىدىكى دەريا ...................... 249
مېڭىلمىغان يول .................................... 250
**قوشۇمچە (2)**
**جۇ گوپىڭ شېئىرلىرىدىن** .......................... 252
باغ ................................................. 252
جىمجىتلىقتىكى رەسىم .............................. 253
كۆتۈش .............................................. 253
يول .................................................. 254
سەھەردىكى ئاي ..................................... 255
ئورماندا ............................................ 255
ئىلھام .............................................. 255
ھەممە نەرسە كېتەر بەرىبىر ......................... 256
ئىستەك .............................................. 257
مۇنار ۋە قانال ..................................... 257
تۆكۈلگەن ياپراق .................................... 258
كۆز باغلىرى ........................................ 258
قىش كۈنى ........................................... 259
گۈگۈمدىكى شاپتۇلزار ............................... 260
ئۇيقۇسىز چاغلار .................................... 260
تۇغۇلغان كۈن ....................................... 261
چۆككەن نىگاھ ....................................... 261
خۇدا ۋە ئىنچىشى .................................... 262

**گۇ چىڭ شېئىرلىرىدىن** ........................ 264
ئاي ـ يۇلتۇزلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ........ 264
ئۇرۇقنىڭ چۈشى ............................. 265
تار كوچا ........................................ 266
قار ئادەم ....................................... 266
يىراق ۋە يېقىن ................................ 267
ئەقىدە .......................................... 268
تەرجىمىھال ..................................... 268
چىراغ ئىزدەيمىز ............................... 269
ئىدىيە دەرىخى ................................ 270
تۇپراق ئەگرى ـ توقاي ....................... 272
ئۆزۈمنىڭ ناخشىسىنى ئېيتىمەن .......... 273
گۈلنىڭ ئەقىدىسى .............................. 274
ۋىچىر ـ ۋىچىر جىمجىتلىق ................. 274
ئۇ يەردە ماڭما ................................. 275
كېتەي ئەمدى ................................... 276
تۇغۇلغان كۈن .................................. 278
دەسلەپكى ياز ................................. 279
گىياھلاردەك ئالىمەن نەپەس ............. 280
كېلىش .......................................... 281
ياقا يۇرت ...................................... 282
لۇغەت .......................................... 283

# رەسۇل ھەمزەتوف شېئىرلىرىدىن



[ئىلاۋە: رەسۇل ھەمزەتوف (1923 ـــ 2003) سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدىكى ئەنئەنىگە مايىل شائىر بولۇپ، ئۇ روسىيە فېدېراتسىيەسىگە قاراشلىق داغىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىدىكى بىر تاغلىق كەنتتە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسىمۇ ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر شائىرى بولۇپ، ھەمزەتوف دادىسىنىڭ تەسىرى ئاستىدا شېئىرىي دىت يېتىلدۈرگەن. ھەمزەتوف 11 يېشىدا شېئىر يېزىشقا باشلىغان، 14 يېشىدا شېئىرلىرى ئېلان قىلىنغان. 20 ياشقا كىرگەندە تۇنجى شېئىرلار توپلىمى «ئاتەش سۆيگۈ ۋە ئەسەبىي نەپرەت» نەشردىن چىققان.

كېيىن رەسۇل ھەمزەتوف گوركىي ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىدا ئوقۇپ، ئۆزىنىڭ شېئىرىيەت ساپاسىنى يۇكسەلدۈرگەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئاممىباب، راۋان بولغاچقا، كىشىلەر ئاسانلا يادقا ئېلىۋالاتتى. ئۇنىڭ 1950 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «مەن تۇغۇلغان يىل» ناملىق شېئىرلار توپلىمى 1952 ـ يىلى «ئىستالىن مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن. 1962 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «پەلەكتىكى يۇلتۇزلار» ناملىق شېئىرلار توپلىمى «لېنىن مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن. رەسۇل ھەمزەتوف سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە شائىر بولۇپ، ئۇنىڭ شېئىرلىرى دۇنيادىكى ئون نەچچە خىل تىلدا نەشر قىلىنغان. ئۇيغۇر كىتابخانلىرى بۇنىڭدىن يىگىرمە

يىللار ئىلگىرى رەسۇل ھەمزەتوفنىڭ «مېنىڭ قەلبىم تاغلاردا» ناملىق داستانى بىلەن يۈز كۆرۈشكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى تەرجىمە قىلىش ئىزچىللىشىپ بولالمىدى. رەسۇل ھەمزەتوفنىڭ شېئىرلىرىدىكى ھېسسىيات ئۇيغۇرلارنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرىغا ناھايىتى يېقىن، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى تونۇشتۇرۇش شېئىرىيەت ھەققىدە ئىزدىنىۋاتقان كىتابخانلىرىمىزغا ئىلھامبەخش ئەتكۈسى. ]

## ئادەملەر ئۆتكەندە سېنىڭ قېشىڭدىن

ئادەملەر قېشىڭدىن ئۆتۈپ كەتتى جىم
ھۆسنۈڭدىن يۈرىكى تەپمىدى پەقەت!
ساقلارمۇ كور بولۇپ قالاركەن بەزەن
كۆزۈمنى مەن بېرىپ تۇرسامكەن بىر رەت.

## ئوخشاتمايمەن غۇنچىغا سېنى

كۆز بورىنى ئەسەبىي ھۇۋلاپ،
قىر ئارىلاپ چەيلىدى گۈلنى.
قىلدىم شۇ چاغ ئۆزۈمگە خىتاب:
«ئوخشاتمايمەن غۇنچىغا سېنى».

## ئېسىڭدىمۇ

ئون سەككىزدە ئىدىم سېنى سۆيگەندە،
سەن «ياق» دېسەڭ، بېشىم بولدى تۆۋەنگە.
ئېيتقىن ماڭا، كىم ئېرىشتى سۆيگۈڭگە؟
ئېسىڭدىمۇ مەندەك ساڭا پەيۋەندە؟

كېچە ـ كۈندۈز مەن يۈرەتتىم كەينىڭدە،
ئۆكسۈمىدى ئۈمىد مېنىڭ كۆڭلۈمدە.
ئېيتقىن ماڭا، سەن تۇرسەن قەيەردە؟
ئېسىڭدىمۇ مەندەك ساڭا پەيۋەندە؟

توي قىلدىم مەن، باللىرىم سەپلەردە،
سېنىڭمۇ ھەم ئۆز ئۆيۈڭ بار چەتلەردە.
ئېسىڭدىمۇ ياشلىقىڭنىڭ شاملى،
ئېسىڭدىمۇ مەندەك ساڭا پەيۋەندە؟

قېرى خىيال ئارام ئالماس ھېچ يەردە،
چاپقۇر يىللار تۇلپار بولۇپ سەپەردە.
سېغىنىمەن ئون سەككىز ياش چېغىمنى،
ئېسىڭدىمۇ مەندەك ساڭا پەيۋەندە؟

# چاچ

بۇنداق چاچقا تېپىلماس تەڭداش،
قېشىڭغا ھەم كۆزۈڭگە رەڭداش.

نەپىس يىپتا ئۆرۈلگەن تال ـ تال،
جىلغا سۈيى ئاققاندەك مىسال.

ئورۇندۇقتا ئولتۇرساڭ ئەگەر،
چاچلىرىڭغا كۆمۈلىدۇ يەر.

چۇۋۇۋۇۋەتسەڭ چېچىڭنى تۈندە،
بولۇپ قالار يېپىلغان پەردە.

مەن بىلىمەن، ئۆتسە ئاي ـ يىللار،
باسار ئۇنى ئاپپاق قىرووۋلار.

مەن شۇ قەدەر تەشنا، ئەي دىلدار،
ياشىنىتىشقا سېنى بىئازار.

ئاھ، ياشلىقىڭ تۇرسا ئەبەدىي،
بولسا چېچىڭ قارا تۈن كەبى.

## كېتەر بولدۇم

ئامرىقىم، ۋاقتىدۇر، يولغا چىقىمەن،
ھېچقانداق نەرسىنى كەتمەيمەن ئېلىپ.
باھار سەلكىنىنى قالدۇردۇم ساڭا،
تاڭدا قۇش كۈيىنى ئاڭلىغىن قېنىپ.
سېھىرلىك ئايدىڭنى قالدۇردۇم ساڭا،
ئورمان قوينىدىكى گۈلشەن ھۆسنىنى.
دېڭىزغا ئالدىراپ ئاققان كوسوۋنى[①]،
كاسپى شاۋقۇنلىرى ئېيتقان ناخشىنى.
قالدۇردۇم ئېگىز - پەس تاغلار قەددىنى،
چاپقۇندا يۈيۈنغان تۇتاش چوققىنى.
تاغلار ئەسكە سالار ئۇيقۇسىزلىق ھەم،
كۆز يېشى ئىز سالغان ئانام چېھرىنى.
سۇلاك[②] سۇلىرىنى كەتمەيمەن ئېلىپ،
يات ئەلدە قەدىرلەپ ساقلىيالمايمەن،
قەدىرلە يەلكەڭگە قونغان ئاپتاپنى،
باراقسان ئوتلارنى ئېپ كېتەلمەيمەن.
قىممەتلىك نەرسەمنى ئېپ كېتەلمەيمەن،
لېكىن، چىك باغلانغان يۈرىكىم ئاڭا.
قالدى شۇ يايلاقلار خۇش پۇراپ تۇرغان،
قالدى ئەگرى - بۈگرى چىغىر يول مانا.
قالدى سىم - سىم يامغۇر، پىژغىرىم ئاپتاپ،
تۇرنىلار قاتارى، زەڭگەرى ئاسمان.
ئاز ئەمەس ھەرگىزمۇ ئېلىپ كەتكىنىم،
چۈنكى، مۇھەببىتىڭ ھەمراھدۇر ھامان.

---

①② دەرياناملىرى.

## شائىرنى قۇتقۇزۇۋالغان قىز

كۆنلەر تېز پويىزدەك ئۇچۇپ ئۆتەركەن،
ئوچاققا يېقىن كەل، غەملەرنى ئۇنۇت.
ئۆمەر هاجى، دەپ بېرەي ساڭا بىر ئىشنى
چۆچەك دەپ قالمىغىن ۋە ياكى دورۇت.

كاپكازدا بار ئىكەن تاغلىق بىر دىيار،
ئادەملەر ئاپقۇردا ئىچەركەن شاراب.
بار ئىكەن ئۇ يەردە قېرى بىر شائىر،
سەكراتتا يېتىپتۇ، هالى بەك خاراب.

چىداپ تەنلىرىگە پاتقان ئازابقا،
ئەسلىمە قېتىغا چۆكۈپتۇ شائىر.
مىنىپ ئۇ گۈگۈمدا ئەرەب ئېتىغا،
قىزنى دەپ قامچىلاپ چېپىپتۇ ئاخىر.

نىسپىي تۈن، چېدىرنىڭ ئىچى زىم زىيا،
كۆردى ئۇ يارىنىڭ ئوتلۇق كۆزىنى...
ئەمدى قوللىرىدا بىر تىزىق تەسۋى
بىتاپلىق ئىلكىدە كۆردى ئۆزىنى.

شائىرغا خالايىق قىلاركەن ئىخلاس،
تېۋىپقا بارماپتۇ، قىلماپتۇ ۋايىم.
ئادەملەر شىپالىق بۇلاق سۈيى هەم،
بال توشۇپ، شائىرنى يوقلاپتۇ دائىم.

تىبەت ئوتلىرىنى خىسلەتلىك بىلىپ،
ئېرىنمەي چىقىپتۇ يىراق يوللارغا.
شائىرغا ئەكېلىپ بېرىپتۇ دورا،
ئىچىسلا قايتاركەن ياشلىق باھارغا.

بىراق، دورىلارنى رەت قىپتۇ شائىر،
دەپتۇ ئۇ تېۋىپقا ئاجايىپ تەمكىن:
«كېتەي، تۈگەپ قالدى مېنىڭ بۇ ناخشام،
ھاياتقا زوقۇم يوق، ئەمەسمەن غەمكىن».

كېچە، گۆرىستاندەك قاراڭغۇ ئەتراپ،
ئاتلىق قىز چاپاتتى شىپاخانىغا.
پىدائىي ئىدى ئۇ، ئۇياتچان، دادىل،
ئۇدۇل كېلىپ تۇردى تېۋىپ ئالدىغا.

دېدى ئۇ تېۋىپقا: «شائىرغا بۈگۈن،
ياردەم قولى سۇنۇلار پەقەت مەندىنلا.
بۇ ئاخشام شائىرغا بولىمەن ھەمراھ،
رۇخسەت قىلمىساڭلار، بەرىبىر ماڭا».

قىزچاق زىلۋالىقتا يېڭى چىققان ئاي،
گويا ئەتراپلارغا چاچار شالالە.
شائىرنىڭ قېشىغا كىردى بىتاقەت،
ئۈزۈن كۆڭلەك كىيگەن جىسمى زىلالە.

سۇبھى يورۇغاندا، شائىر بىلەن قىز —
چىقتى شىپاخانىدىن مەردانە ھەم شاش.
بۇ ئىشنى ئۆز كۆزىدىن كۆرگەنلەر تالاي
سۆزلەپ يۈرمەس ئۇنى چۆچەككە ئوخشاش.

پىشقان يىگىتلەرمۇ كۆرۈپ بۇ ئىشنى،
ھەيران بولۇشمىدى ياقىلار تۇتۇپ.
ئۇلار ئېيتىشىدۇ، ئاشۇنداق كەچمىش —
ئەلمىساقتىن بېرى تۇرغانغۇ بولۇپ.

كۆرسەم دەيدۇ، لېكىن زاماندىشلىرىم
ئەجىلىم سالماقچى بولغاندا تىرناق.
بەلكىم، بىر ئاخشىمى بولىدۇ پەيدا،
مېنى قۇتقۇزۇشقا پەرۋانە قىزچاق.

## قورقىمەن

مەن قورقىمەن، قورقىمەن ئەجەب —
ئۆچمەس شامنى پۈۋلەپ سېلىشتىن.
قورقىمەن سېغىنىپ قېلىشتىن سېنى،
قاشۇ - كۆزلىرىڭنى ئۇنتۇپ كېتىشتىن.

تىركىشىمەن ئۆز - ئۆزۈم بىلەن،
ئۆز - ئۆزۈم بىلەن چۈشكەندە جەڭگە.
قورقىمەن ساڭا ئۇچراپ قېلىشتىن،
قورقىمەن سېنى كۆرمىگەن دەمدە.

ئۇزاتقاندا قولىلىرىڭنى يار،
قورقىمەن ئۇنى مەھكەم سىقىشتىن.
قورقىمەن قولۇڭنى قويۇۋەتكەندە،
يۈرەكنىڭ ئۇزاق ئاغرىشلىرىدىن.

قايتىپ كەلگىنىمدە يىراق سەپەردىن،
كۆرۈشكە ئالدىرايمەن پەقەت سېنىلا.
قورقىمەن نىگاھىڭ بولسا ئەلەملىك،
خۇشال كۆرۈنسىمۇ قورقىمەن يانا.

قورقىمەن سېنىڭ قېلىپ يېگانە،
بىر ئۆزۈڭ خىلۋەتتە ئۆتكۈزسەڭ تۈنلەر.
قورقىمەن، ئىلاھىم، بولسۇن بۇ قىياس،
ساڭا ھەمراھ بولۇپ تۇرۇشسا كىملەر.

قورقىمەن چۈشەنمەي قېلىشلىرىڭدىن،
مېنى بىر قاراپلا بىلىۋالساڭ ھەم.
قورقىمەن سېنىڭ توي قىلىشىڭدىن،
ئەبەدىي تۇل بولۇپ تۇرۇۋالساڭ ھەم.

## نېمىشقا ياش تۆرۈپ ئاقاردى چېچىڭ؟

«يار، نېچۈن ياش تۆرۈپ ئاقاردى چېچىڭ؟» —
تەئەججۈپ ئىلكىدە سورايسەن مەندىن.
مايىنىڭ شەپىقىدە قارلىق چوققىنى،
كۆرگەندە بىردىنلا روجەك سىرتىدىن.

ئىشەنسەڭ، ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، جېنىم،
ئاپپاق قاناتلىق قۇشلار نېمىشقا —
چېچىمغا رۇخسەتسىز قونۇۋالغاندۇ،
ئىچىگە ئۇۋىلار تۈزۈۋالغاندۇ؟

ياق، بۇ قىرلىقتىن ئەمەس، ئىشەنسەڭ ـــ
يىللاردىن ئاقارغان ئەمەس بۇ چېچىم.
خۇدا گۇۋاھ، ياشنىپ تولغاندا ئەقىل،
شېئىرىيەت تەركىنى ئويلاپ باقمىدىم.

كەپسىز باللاردەك ئويناپ، قىيغىتىپ ـــ
بارسام قەيەرلەرگە، يازدىم مەن شېئىر.
توختىماس پەسلى قار، پەسلى شامالدا،
سۆزدىن ئويۇن ياساپ يۈرمىدىم ھېچبىر.

ئىستەيمەن كۆكلەردە قىلىشنى پەرۋاز،
چۈشەيمەن ئىسمىڭنى شىۋىرلاپ تۇرۇپ....
مايدا پورەكلىگەن ئالما چېچىكى،
شامالدا ھەر ياققا ئۇچىدۇ توزۇپ.

ئۆمۈرلۈك جانان دەپ سۆيگەنتىم سېنى،
شۇڭا، مېنىڭ چېچىم كۈمۈش رەڭ تالا.
سۆيگۈم شۇنچە چوڭقۇر، شۇنچىلىك مەزمۇت،
شۇڭا، مېنىڭ چېچىم ئاقاردى، قارا.

بەلكىم، ئاقارغاندۇ چاچلىرىم غەمدىن،
تاپتىم ئاقىرىشنى ئۆزۈن سەپەردىن.
بىر ئايلىق ۋىسالدىن ھەپتىلىك ھىجران ـــ
ئۆزۈندۇر
ئاق چېچىم بولدى ھىجراندىن.

بەزىدە ئەمەسسەن ئۇنچىلىك ئىللىق،
ماڭا تۇيۇلىسەن شۇنچىلىك قوپال.

تۈنۈگۈنكى گېپىڭدىن ئاقاردى چېچىم،
چۈنكى، يۈرىكىمگە قىلدىڭ بەك ئۇۋال.

يەردىمەن، بۈلۈتتا قىلمىدىم سەيلە،
بەلكىم، چاچلىرىمنى ئاقارتتى ئەلەم.
بەزەن دۈشمىنىمنى ئاق كۆڭۈل ئويلاپ،
ئاسىي دوستلىرىمدىن بولىمەن بىغەم.

دوستلار قىلسا تۆھمەت، دۈشمەن ۋەھشىيلىك —
قورقمايمەن
قورقىمەن ھەسرەتلىرىڭدىن.
ئاق چېچىم كۆمۈشتەك چاقناپ كېتىدۇ،
تەشۋىش - ئەلەملەرنى كۆرسەم چېھرىڭدىن.

بەلكىم، خۇشاللىقتىن ئاقاردى چېچىم،
چۈنكى، يېنىمدا سەن، ھەمىشە ھەمراھ.
يۈز ياش دېگەنلەرمۇ ھېچقانچە ئەمەس،
بەختىڭ ئۇزارتىدۇ ئۆمرۈمنى ئۇدا.

مايدىكى گۈلشەندە توزۇيدۇ گۈللەر،
زېمىنىنىڭ يۈزىنى ياپتى گۈل بەرگى.
ئاق باش بوۋاي ئەمەس، سەن بىلەن بولسام،
بولىمەن مەڭگۈگە ئاق باشلىق سەبى.

(«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 2006 - يىللىق 6 - سانىدىن ئې- لىندى.)

# ئوكتاۋىئو پاز شېئىرلىرىدىن



[ئىلاۋە: مېكسىكا شائىرى، ئوبزورچىسى ۋە دىپلوماتى، پازنىڭ (1914 — 1998، Octavio Paz) ئاتا ـ ئانىسى ناھايىتى ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەردىن بولۇپ، ئەۋزەل ئائىلە مۇھىتى پازنىڭ ئىجادىيىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە شېئىر ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ھىندىيان ئەپسانىلىرى، فىرانسىيە سۇر رېئالىزمىنىڭ تەسىرى، ئازتېك مەدەنىيىتىنىڭ قەدىمىيەتلىرى ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ «كۈن ـ تاش» (1957)، «قەسەم ئاستىدىكى ئەركىنلىك» (1958) قاتارلىق ئەسەرلىرى ۋەكىل خاراكتېرگە ئىگە. ئۇ 1990 ـ يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ]

## كۈندۈز تېشى

تاش قۇياشى دالالاردا جىم
ئايلانماقتا ئاسماندا پەقەت
ئوت ھەم زامان زاھىرى قۇياش،
ھەرىكەت قۇياش، قۇياش ئۆزى تاش.

## چۈش

جىلۋە قىلماس شولا يىلتىزى،
ئاقتى زامان مىنۇت ــ مىنۇتلاپ،
قالدى بىر قۇش ھاۋادا توختاپ.

## تولۇقلاش

تاغ ئىزدەيسەن كېلىپ مېنىڭ جىسمىمدىن،
تاغ قۇياشى كۆمدى تاغنى ئورماندا.
سەن ئىزدەيسەن ۋۇجۇدۇمدىن بىر قولۋاق،
قولۋاق غايىب بولدى، تۈن تەك بولغاندا.

## ئاشىقلار

بىر قىز بىلەن بىر يىگىت،
ياتار ئىدى چىملىقتا.
ئاپېلسىننى يېيىشتى، بىر ــ بىرىنى سۆيۈشتى،
شۇ تاپ گويا دولقۇنلار بۇژغۇنلارغا چىرماشتى.

بىر يىگىت ھەم قىز بالا،
ياتار ئىدى ساھىلدا.
ئۇلار لىمون يېيىشتى، بىر ــ بىرىنى سۆيۈشتى،
شۇ تاپ گويا ئاق بۇلۇت كۆپۈكلەرگە چىرماشتى.

بىر قىز بىلەن بىر يىگىت،
ياتار يەرنىڭ ئاستىدا.
ئۇلار ئەمدى سۆيۈشمەس، ئۇلار ئەمدى سۆزلەشمەس،
بىر - بىرىگە جاۋابنى سۈكۈت بىلەن بېرىشتى.

## ھايات پىنھان ھەم ئايان

دېڭىزلارنىڭ قارا تۈنىدە
پەقەت بېلىق ۋە ياكى چاقماق.
ئورمانلارنىڭ قارا تۈنىدە
پەقەتلا قۇش ۋە ياكى چاقماق.

تەنىنىڭ زۇلمەت كېچىلىرىدە
سۆڭەك چاقماق، سۆڭەكتۇر چاقماق.
ئاھ، دۇنيانىڭ بارساڭ نەرىگە،
شۇ يەردە تۈن، ھاياتتۇر چاقماق.

## شەھەردىكى گۇگۇم
(تاللانما)

— ل. ۋ. ئالبېراغا بېغىشلايمەن.
ئۇ مۇشۇ يەردە ئازابلانغان.

2

سۈكۈنات قېلىن - قېلىن تاشلار كەبى،
تۆكۈلەر كۆك قەرىدىن جىمجىتقىنە.

ئاسمانمۇ ئېغىر يۈكتىن بولدى خالاس،
چۆكمەكتە تاش ۋە قۇدۇق ئۆز - ئۆزىگە.

گۈگۈم ئۆز قىلمىشىدا كۆيەر شۇ تاپ،
كوچىدىن ئۆتتۇم كۈل ھەم ئەسنەك ئارا.
سۆسۈن رەڭ، گەج مەسەللىك، سۈكۈناتلىق
خاراموش بىر ھاياتلىق سوقار ئۇندا.

بىنەپشە جاراھەت بار قىيا تاشتا،
زەردابلار قايتتى تىترەپ ھەربىر تامغا،
ئائىلە ئۆلۈملىرى قەبرىستانغا.

غوۋغاسىز يېشىلىشلەر بار ئۇ يەردە،
پاھىشە تاش ھەيكەلدەك تۇرار تۈندە:
ئوخشايدۇ يول بەلگىسىگە زۇلمەت ئىچرە.

4

(پەلەك)

قەھرىلىك مىتالالار، رەھىمسىز خەنجەر،
يۈلتۇزسىز يېگانە تاپتاقىر دالا،
پولاتتىن قۇيۇلغان كۆز يەتمەس تۈزلەڭ
قۇدۇق، ئەما بۇلاق، يىغىسىز ساما.

جىمجىتلىق، قەتئىيلىك، ئۆتكىلى بولماس،
ئىشىكسىز، تۈتقۇچسىز مۇكەممەل شەھەر.
تۈرىدۇ سەن بەرگەن ئىنتىزارلىق ھەم
ئالغۇندەك غايىب شۇ جەننەتكە قەدەر.

تىللارنىڭ تەمى ئۇ پارالىچ ئەينەك،
شامالدا ئەندىكىپ كەتكەن سۈكۈنات،
ئۇ گويا چىشلەنگەن، ئۇخلىماس يۈرەك.

سىنى تەۋرىتەلمەس ھېچنېمە، ئاسمان،
سەندە تۇرالمايدۇ ھېچنېمە زىنھار.
يىلتىز ھەم تۇغۇلۇشنى كۆيدۈرەر روھلار،
ئۆزىنىڭ بەھرىگە چۆكمەكتە ھامان.

## دېڭىزغا قاراش

1

دولقۇنلاردا بولامدۇ شەكىل؟
ئۆز - ئۆزىنى قاتۇرسا گاھى
گاھىدا لەيلىتەر سۇ يۈزىدە
ياسىمان سىزىقلارنى،
ھەرىكەت دېمەك شەكىلنىڭ ئۆزى.

2

چېكىنگەن دولقۇن:
بويۇن، دۈمبە، ساغرا؛
دەۋرىگەن دولقۇن:
بوژغۇن، ئېغىز، كۆكرەك.

3

تەشنالىقتا تولغاندۇر دېڭىز.
تاش كارىۋاتتا
ھاسىراپ تۇرۇپ
گاھ سوزۇلار، گاھ تۈگۈلەر ئادەمزاتسىز.

## مونولوگ

بەرباد بولغان تۇۋرۇك ئاستىدا،
ناشۇدلۇق ھەم خىياللار ئارا.
ئىسمىڭ مېنىڭ بىدارلىقىمدىن
بوغۇم بولۇپ ئۆتمەكتە ئاستا.

سۇس قىزارغان ئۇزۇن چاچلىرىڭ،
ئوخشار تۈننىڭ يەلكىلىرىدە
يازغى چاقماق يالقۇنلىرىنىڭ
شېرىن، كۈچلۈك تىترەشلىرىگە.

ئېقىپ چىقىپ خارابە ئىچرە
خىياللارنىڭ غۇۋا ئېقىنى.
ناشۇدلۇقتىن قۇرىدۇ سېنى؛
ئۇنتۇش ھەمدە ئازاب چاچلىرى
تۈنكى نەمخۇش دېڭىز ساھىلى،
ئۇرۇلىدۇ، يېيىلىدۇ ھەم
ئۇيقۇلۇقتا دېڭىز ئەسەبىي.

## ئىنسان يىلتىزى

### 1

مۇزىكا ھەم ناخشا ـ ئۇسسۇل كەينىدە،
بۇ يەر، تۇرغۇنلۇقنىڭ ئىچىدە.
مۇزىكىلار ئەۋجىگەن يەردە،
قېنىم دەرىخى ئاستىدا
ئارام ئېلىپ تۇرماقتىسەن.
يالىڭاچ تەن، كۈچ ھەم تۇرغۇنلۇق قىزى
سوقۇشماقتا تومۇرلىرىمدا.

مانا بۇ ئەڭ جىمجىت بىر ئاسمان،
مانا بۇ ئەڭ غۇبارسىز بەدەن.
قېنىم دەرىخى ئاستىدا
سەن ئۆلگەنىدىڭ.

### 2

ئىنساننىڭ ئاۋازى يالقۇنجىماقتا،
لەۋلەرمۇ كۆيۈشۈپ كەتكەنگە ئىكەم.
توختىغان كېچە
قېپقالدى ئەڭ ئېگىز غۇنچە ئۇستىدە.

ھېچكىم بىلمەس ئىسمىڭنى سېنىڭ،
يۇلتۇزلارنىڭ ئالتۇن رەڭ بالاغىتى
ھەم ئاشۇ ساماغا ئېسىلغان كېچە ـــ

توختاپ قالغان دېڭىز
ئاقماقتا تىلسىملىق قۇدرەتلىرىڭدە.

ھەممە نەرسە بىزۇۋان، ئەي مەشۇقۇم،
ئىسمىڭ يالقۇنجىغان ئاۋاز ئاستىدا.
ھەممە نەرسە سۈكۈتتە، ئاھ مەشۇقۇم،
سەن، ئۆز ئىسمىڭنى يوقاتتىڭ،
تىللار تىتىپ تاشلانغان بۇ كېچىدە.

3

مانا بۇ قېنىڭ،
يوچۇن ھەم چوڭقۇر،
يۇماقتا ئېقىپ كىرىپ تېنىڭگە
ئەسەبىي ناتونۇش دېڭىز ساھىلىنى.

سۈزۈك، يىراق،
مەزمۇت چىدامىلاردا ھەم ئېقىنلاردا
توسۇدى قېنىمنىڭ ئېقىنلىرىنى.
كىچىككىنە بىر يارا
يورۇقلۇقنى تونۇيدۇ ئېنىق،
تونۇيدۇ ناتونۇش بوشلۇقنى ئېنىق،
تونۇيدۇ مېنىڭ قاراشلىرىمنى.
ئۇلار سېنىڭ قېنىڭ،
بۇلار بولسا
ئۇنىڭ نەمخۇشلۇقىغا شەرھىي بىر سادا.

## 4

يوقتۇر ئەسلا هايات ۋە مامات،
شەكىلىڭلا بار پەقەت،
كۆمۈپ تاشلىدى زامانلارنى،
بەرباد قىلدى جەۋھىرىمنى، ئەسلىرىمنى.

مۇھەببەتتە يوقتۇر فورمۇلا
تۇرغۇنلۇقۇڭنىڭ ئىسمى بار، يۇلتۇزلارسىمان.
ۋەھىمە ھەم شەكىلسىز ئىنتىزارلىق
ئۇنىڭ قىرغىقىدا كۈيلەيدۇ ھامان.

## ياز كېچىسى

يۇلتۇزلارنى تۆكۈۋەتكەن مەيىن شامال
دەريادا يۇيۇنۇۋاتقان ياز پەسلى
تۇپراقنىڭ ئاغزى
تىنغان نەپەسلەر،
كېچىنىڭ تېنىنى سىلىغىن كېلىپ.
ئېغىز تۇپرىقى، بىر
دوزاخ ئېغىز ئىچرە ئالماقتا نەپەس،
لەۋگە يامغۇر تۆكمەكتە ئاسمان،
سۇلار كۈيلەپ تۇغۇلدى جەننەت.

يېلىنجاپ كۆيمەكتە كېچە دەرىخى،
پارچىلانغان ياغاچلار بولدى يۇلتۇزلار،

قۇشلار، كۆزلەر
ئاپپاق تۇز سۈيىنىڭ تىلى
قاراڭغۇ دېڭىزغا باشلىدى ھۇجۇم.

ھەممىسى نەپەستە، ياشىماقتا، ئاقماقتا:
نۇرلار تىترەكتە،
كۆزلەر بوشلۇقتا،
يۈرەك سوقۇشتا،
كېچە چەكسىزلىكتە.

زۇلمەت مەنبەسى، بىپايان
تۇغۇلماقتا ياز كېچىسىدە.
قارىچۇقۇڭدا ئاسمان نامايان.

## قۇش

ھاۋا، شولا، ئاسمان،
جىمجىتلىق.
سۈزۈك جىمجىتلىقتا
قەدىمىنى توختاتتى كۈندۈز:
بوشلۇق سۈزۈكلۈكى جىمجىت سۈزۈكلۈك.
ئاسماندا قېتىشقان نۇر تاللىرى
بېكىتتى گىياھلارنىڭ ئۆسۈشلىرىنى.
قىيالار ئىچرە زېمىن ھاشاراتلىرى
ئوخشاش نۇر ئاستىدا ئوخشار قىياغا.
ھەر لەھزىدە زامان خۇشلار ئۆزىنى.

چىڭقىچۇش دىلرەبا جىمجىتلىق ئارا
ئاستا ـ ئاستا بارماقتا ئۆچۈپ.

قۇشلار كۈيدە، پەيلىرى نەپىس،
يارىلانغان كۈمۈش كۆكرەك قوچۇدى كۆكنى،
تىترىمەكتە ياپراقلار،
ئويغانماقتا گىياھلار...
سەزدىم ئەزرائىلنى بىر تال پەيسىمان،
ئوقيانى كەرمەكتە كىم، بىلمىدى ھېچكىم،
بىر دەقىقە ئۆتسىلا، كېتىمىز ئۆلۈپ.

## پاساھەت

1

قۇشلار كۈيدە،
بىلمەس كۈينىڭ مەنىسى نېمە:
پاراستى ئۈنىدە.

2

ھەرىكەتنىڭ ماس شەكلى
تۈرمە ئەمەس، پىكىرنىڭ پوستى.

3

سۆزۈك ئەينەك شولىسى
مەن ئۆچۈن يەتكۈدەك نۇر ئەمەس:
سۆزۈك سۇدۇر ئېقىن سۇ، بەس.

## تەسەۋۋۇپ

كۆكتە نۇر چاقناپ تۇرار،
چىڭقىچۈش پارلاپ تۇرار،
لېكىن كۆرمىدىم كۈننى.

بارلىقتىن بارلىققىچە،
ھەممىسى سۈزۈك شۇنچە،
لېكىن كۆرمىدىم كۈننى.

نۇر ئەكسىدىن نۇرغىچە،
ئازدىم يورۇق كەزگىچە،
لېكىن كۆرمىدىم كۈننى.

شولىدا ئۇ يېشىنىدى،
زەررىلەرگە ئۈمۈلدى،
لېكىن كۆرمىدىم كۈننى.

## شاخ

قۇش
قارىغاي شېخىنىڭ ئۇچىدا،
گاھ كۈيدە، گاھ تىترەكتە.

تىك تۇتۇپ قەددىنى شاخ ئۈزرە
ئۇچتى ئۇ، يوقالدى سايىسى،
تارقىلار ناۋاسى پەلەكتە.

ئوخشاپ قۇش غەزەلچى ئوتۇنغا،
ساپسېرىق نوتىنىڭ ئىلكىدە،
كۆيىدۇ ـ كۆيىدۇ شىددەتتە.

قارايمەن: شاخ ئەنە قۇپقۇرۇق،
تۇرىدۇ بىر پارچە جىمجىتلىق،
ئېگىلىپ كەتكەن شاخ ئۈستىدە.

**شامال**

ياپراقلار كۇيدە،
نەشپۇت ئۇسسۇلدا،
ئەتىرگۇل جەۋلاندا.
بۇ دەل شامال ئەتىرگۇل،
ئەمەس ئۇ ئەتىرگۇل بېغىنىڭ خىلى.

بۇلۇت ۋە بۇلۇت
لەيلەر چۇشتە، كۆكتە دېڭىز يۇسۇنى؛
پۇتۇن ئاسمان ئىتتەرمىسمۇ،
ئايلىنىدۇ بويلاپ بۇلۇتنى.

بارى بوشلۇق؛
لەيلىقازاق بەرگى تېرەكتە.
كېتىپ بارىدۇ يالىڭاچ ئايال
دولقۇن ئومۇرتقىسىدەك شامال ئىلكىدە.

ھېچنېمە ئەمەسمەن،
لەيلەك ۋۇجۇد، دولقۇن ھەم جۇلا؛
شامالغا مەنسۇپتۇر ھەممىسى،
شامال دېگەن سەييياھ بىر ھاۋا.

## بۇلۇت

كۆكتىكى ئارال، توختىغان شامال،
ساھىلدا قەدىمىڭ يېنىكلەر دەرھال،
ھېچقانداق ئىز قالمىدى ئەسلا،
سۇغا سايە سالىدۇ شامال!

گوياكى ياپراقلار ئىچىدە ھاۋا،
ئازىدۇ تۇمانىنىڭ ياپرىقى ئارا،
پايانسىز مادادۇر، ئېغىرلىقسىز تەن،
بەئەينى شەكىلسىز ئېغىزدۇر ھاۋا.

## تىۋۋلاش

بال ھەرە
قىمىرلىماس
شاختا ئەمەس
ھاۋادا
ھاۋادا ئەمەس
لەھزىدە

## ئادەمسىز زېمىن

ئورماندا ھېچكىم
چېلىقماس كۆزگە
بىلمەيمەن مەنمۇ
باردىم قەيەرگە

## ئۇيغۇنلۇق

— كارلوس فوئېنتېسقا[1]

ئۇستى سۇ
تېگى ئورمان
شامال يولدا راۋان
قۇدۇق ئامان
چېلەك قاپقارا
ئېقىنلار مۇقىم
ئاقىدۇ ئورمان تامان
پەلەك لەۋگە سوزۇلغان

(«ئىلى كەچلىك گېزىتى» 1993 ـ يىلى 4 ـ ئايلىق سانى ۋە «دۇنيا ئەدەبىياتى» 1998 ـ يىللىق 1 ـ ساندىن ئېلىندى.)

① كارلوس فوئېنتېس (1928) مېكسىكا يازغۇچىسى.

# ۋېرلېن شېئىرلىرىدىن



[ئىلاۋە: ۋېرلېن (1844 — 1896 Paal Marie Verlane) فىرانسىيە سىمۋولىزم شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسلىق ۋەكىلى. ئۇنىڭ «ئايدىڭ قەسىدىسى»، «ھەسرەتلىك دىيالوگ»، «زارىقىپ يىغلايمەن ئۆز يۈرىكىمدە»، «رومانس» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.]

## كۈز ناخشىسى

ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلىدى ئۇزاق،
كۈزنىڭ مۇڭلۇق ئىسكىرىپكىسى
يارا قىلدى سانجىلىپ
قاغجىرىغان دەردلىك قەلبىمنى.
تۇنجۇقتۇرار ئادەمنى
ھەممە نەرسە سارغىيىپ شۇنداق.
ئۇنلەپ تۇرار قوڭغۇراق،
ئويلاپ ئۆتكەن كۈنلەرنى
كۆز ياشلىرىم كەتتى تامچىلاپ،
سەرگەردانمەن گويا شۇ تاپتا
ۋەھشىي شامال
ئېلىپ مېنى ئىختىيارىغا

ئۈچۈرماقتا تەرەپ ـ تەرەپكە
ئۈچۈرغاندەك خازاننى.

## گۈگۈم

گىرىمسەن ئاسماننىڭ گىرۋىكى ئۈززە
نۇر چېچىپ تۇرىدۇ قىزغۇچ تولۇن ئاي.
ئۇسسۇللار ئەۋجىدە لەيلەيدۇ تۇمان،
پاقىلار كۈركىراپ تۇرىدۇ تىنماي.
تۇماندا ئۈيقۇدىن مەست بولدى چىمەن،
قومۇشلار تىترەيدۇ شىۋىرلاش بىلەن.

شۇنچە چىڭ يۇمغانچە غۇنچە لېۋىنى،
يېپىلغان سۇ ئۈززە تۇرىدۇ گۈللەر.
خىيالىي تۇس ئالغان يىراق بىر جايدىن
سۇۋادان قامىتى غۇۋا كۆرۈنەر.
ئەرۋاھى ئۇلارنىڭ سۇرلۇك يەنىلا
ئۈچار مايقوڭغۇزى چاتقاللار ئارا.

ئورمان قوچىقىدا چىقارماي شەپە،
ئاستا ئويغاندى مۇشۇكياپىلاق.
مەيۇس ئويلىرىنى زېمىننىڭ بۇ دەم،
ھەيۋەتلىك قاناتلار قوچۇيدۇ ھەر ياق.
تولدى سۇس نۇر بىلەن گۈمبىزى پەلەك،
ۋېناسمۇ كۆرۈندى، تۇن ئاڭا مەلەك.

## ئاي شولىسى

روھىڭ گويا خىسلەتكە باي ئېسىل مەنزىرە
ئۇسسۇل، نىقاب ئايان قىلار سېھىرلىرىڭنى.
سازلار ياڭراق، ئۇسسۇل ئويناق، غەيرىي نىقابلار
يوشۇرماقتا رەققاسلارنىڭ ھەسرەتلىرىنى.
ياڭراتقاندا مۇھەببەتنىڭ كۈينى ئۇلار،
ناخشىلاردا قۇۋناق ھايات، سۆيگۈنىڭ ئەۋجى.
تاشلار ئۇلار ئۆز بەختىگە شۈبھىلىك نەزەر،
گىرەلىشەر ئاي نۇرى ھەم ناخشىنىڭ مەۋجى.
ئاشۇ جىمجىت ئاي شولىسى مۇڭلۇق ھەم گۈزەل،
قۇشلارنى چۈش پايانىغا سۈيلەر ئورماندا.
ئۇندەيدۇ ئۇ تۇرغان ئاشۇ تاش ھەيكەل ئارا،
شاش، ئەۋرىشىم فونتانلارنى خامۇش يىغىغا.

## يېشىللىق

بۇندا مېۋە، بۇندا غۇنچە، شاخۇ يوپۇرماق،
بۇندا يەنە بىر يۈرەك بار، سەن ئۇچۈن سوققان.
قەدىردانىم ئاپپاق قولۇڭ قىلمىسۇن پارە،
تاشلا ماڭا كۆزلىرىڭنى ئۇزلۇق تاراتقان.
كەلسەم بارى تاقىۋاپتۇ شەبنەمدىن مارجان،
كېلىپ سابا ماڭلىيىمنى سىپايدۇ لەۋەن.
ئارام ئالاي ئايىغىڭدا، بولغىن بىر ھاتەم،
ھاردۇقلىرىم چىقىپ كەتسۇن شېرىن چۈش بىلەن.

تىنچلانسۇن ياش كۆكسۈڭگە يۆلىنىپ بېشىم،
سۆيۈشلىرىڭ ئىز قالدۇرۇپ، بولسۇن ئابىدە.
ئۆزۈڭ ئارام ئالساڭ، ماڭا بىر پەس ئۇيقۇ بەر،
ئۇخلىۋالاي يامغۇردىن سوڭ جىملىق ئىچىدە.

(«دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1991 ـ يىللىق 2 ـ سانىدىن ئېلىندى.)

# ئېلىتىس شېئىرلىرىدىن



[ئىلاۋە: ئوردىسسۇس ئېلىتىس (1911 ــ 1996) گىرېتسىيەنىڭ ھازىرقى زامان مەشھۇر شائىرى، سۇر رېئالىزمنىڭ گىرېتسىيەدىكى مەشھۇر ۋەكىلى. ئۇ 1911 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى كىرىت ئارىلىدا تۇغۇلغان. 1930ـ يىلى ئافېنا ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ قانۇن ئوقۇغان. 1934 ـ يىلىدىن باشلاپ شېئىرىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان.

1935 ـ يىلى ئۇ گىرېتسىيە سۇر رېئالىزم پېشۋاسى ئېنپىر بىلەن تونۇشۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن شېئىر ئىجادىيىتىدە زور ئۆزگىرىش ياسىغان. ئۇنىڭ «نىشان» (1939)، «تونجى قۇياش» (1943) ناملىق شېئىر توپلاملىرىغا شۇ مەزگىلدىكى شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن، بۇ شېئىرلاردا ئۇنىڭ رېئال دۇنيادىن ھالقىپ بىر خىل خىيالىي دۇنياغا يېتىش ئارزۇسى ۋە قۇياشقا بولغان بىر خىل سىرلىق ئىچكى كەچۈرمىشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. سۇر رېئالىزم سەنئەتكارلارنىڭ تەسەۋۋۇرى ئادەتتىكى رېئال دۇنيادىن ھالقىپ، بىر خىل خىيالىي دۇنياغا كىرگەندىلا ئاندىن ھەقىقىي سەنئەتكە ئايلىنالايدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ شۇ مەزگىلدىكى شېئىرلىرىنى سۇر رېئالىزم شېئىرىيىتىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرى دېيىشكە بولىدۇ.

1940 ـ يىلى ئۇ فاشىستلارغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشقان. ئۇ-

رۇش ئۇنىڭ ئىدىيەسى ۋە ئىجادىيىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەت-
كەن. ئۇ بۇ مەزگىلدە جەمئىيەت بىلەن ئادەمگە يۈزلىنىپ رېئال-
لىقنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان «قەھرىمانلار ماتەم ناخشىسى» ناملىق
مەشھۇر داستانىنى يازغان. ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇ
ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردە ساياھەتتە بولغان. بۇ مەزگىلدە
رېۋېردۇ، بىرتون، پىكاسسو قاتارلىق سۇر رېئالىزمچى شائىر،
رەسساملار بىلەن تونۇشقان. ئۇلار بىلەن تونۇشۇش شائىرنىڭ ئى-
جادىيىتىدە يەنە بىر زور يۈكسىلىش پەيدا قىلغان. بۇ مەزگىلدە ئۇ
«ئەلۋەتتە شۇنداق» (1959) ناملىق داستانىنى يېزىپ چىققان. بۇ
داستانى 1960 ـ يىللىق خەلقئارالىق شېئىر مۇكاپاتىغا ئېرىش-
كەن. بۇ داستانىدا ئۇ خىرىستىيان پەلسەپىسى بىلەن ئۆزىنىڭ
كىشىلىك دۇنيا قارىشىنى بىرلەشتۈرۈپ ھايات، ئۆلۈم ۋە ئەبەدىي-
لىك ھەققىدە يېڭى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. «ئەلۋەتتە
شۇنداق» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇ ئىككىنچى سوكوت دەۋرىگە
قەدەم قويۇپ، نۇرغۇن مەزگىل ئىزدىنىش ئېلىپ بارغان. 1971 ـ
يىلىغا كەلگەندە يەنە ئەسەر ئېلان قىلىشقا باشلىغان.

شائىر ھازىرغا قەدەر ئوندىن ئارتۇق شېئىر توپلام، نۇرغۇن
ئىجادىي رەسىم، شېئىرىيەت ۋە رەسساملىق ھەققىدە ماقالىلەر
ئېلان قىلىپ، دۇنيا ئەدەبىيات ـ سەنئەت مۇنبىرىدە كۆچلۈك تە-
سىر قوزغىغان. ئۇ، شېئىرلىرىدا «گىرېتسىيە ئەنئەنىسىنى ئارقا
كۆرۈنۈش قىلىپ، مول سەزگۈ ۋە ئۆتكۈر پاراسەت ئارقىلىق ھا-
زىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ ئەركىنلىك، يېڭىلىق ئۈچۈن كۈرەش
قىلىش روھىنى ئىپادىلىگەن» لىكى ئۈچۈن، 1979 ـ يىلى نوبېل
ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ]

## ئېگەي دېڭىزى

1

مۇھەببەت
ئاراللاردىن توقۇلغان تور ئۇ
ئەنە، ئۇنىڭ دېڭىزىدا كېمىلەر
ھەمدە شۇ چۇش چايكىسىنىڭ پەرۋازى
ئۇنىڭ ئېگىز ماچتىسىنىڭ ئۇستىدە
مۇڭلۇق كۈيگە ئىسقىرتىدۇ دېڭىزچى.

مۇھەببەت
بار ئۇنىڭ كۆيلىرى، سەپەر ئۇپۇقى
تەشنالىقنىڭ سۇرەن چۇقانى
ئۇنىڭ ئاشۇ نەم قىياسى ئۇستىدە
بىر كېلىنچەك كۇتەر كېمىنى.

مۇھەببەت
ئېزىپ يۇرەر ئۇنىڭ كېمىسى
دېڭىزىدا كېزىپ يۇرەر سوغ شامال
كېزىپ يۇرەر يەلكىنى ھەم ئۇمىدنىڭ
ئۇنىڭ يەڭگىل دولقۇنلىرى ئۇستىدە
تەۋرىتىدۇ
غالىبلارنىڭ بۆشۈكىنى بىر ئارال.

2

ئويۇنچۇق ۋە دېڭىز سۇلىرى
غۇۋا ئېقىنىدا ئۆزىنىڭ

سۆيۇش بىرلە قۇرۇشتى سۆھبەت
ئۇپۇقتىن كۆرۇنگەن سۇبھى ھەققىدە.

ئۇۋۇسىدا
پەر سىلكىيدۇ كەپتەرلەر
چۆمۇپ شەپەققە
يۇيۇنىدۇ ئويغانغان دېڭىز
غەربىي شىمال شامىلى سۆيەر
شۇ دېڭىزغا كىرگەن يەلكەننى
چاچلىرىنى، ۋۇجۇدىنى ھەم
چۇشىدىكى سوغۇق شەبنەمنى.

نۇر- زىياغا تولغان دولقۇنلار
ئۇيقۇسىنى ئاچتى كۆزلەرنىڭ
ئۇ يەردىكى ھايات كېمىسى
يولغا چىقتى چىقىرىپ يەلكەن
شاھىتىغا قاراپ ئۆزىنىڭ.

3

دولقۇنلار
سۆيەر قۇمساڭغۇ ساھىل لېۋىگە
چايكىلار
زەڭگەر ھۆرلۇك بېرەر ئۇپۇققا
سۇلار دەۋرەپ يانىدۇ يەنە
پىچىرلايدۇ بۇزغۇنلار
قۇلىقىغا سەدەپ قېپىنىڭ.

ئاپتاپ كۆيدۈرگەن ئالتۇن چاچ قىزنى
ئېلىپ كەتتى كىملەر قاياققا؟
كۆك دېڭىزنىڭ سۈزۈك تىنىقى
چۈش يەلكىنىنى قويدى قىيسايتىپ
يىراق بىر جايدا
مۇشائىرە قىلار شاۋقۇنلار
ۋەدىسىنى ئېيتىپ سۆيگۈنىڭ.

## تۇن لىرىكىلىرى

1

كېلىپ چۈشلەر گىرەلىشىپ بىر ـ بىرى بىلەن
كۈتۈۋالدى يەسىمەنگۈلنىڭ
دۇنياغا كۆز ئاچقان قۇتلۇق كۈنىنى
بىدار ئاق قۇ ئۇچۇن شۇ چۈشلەر
تۈنلەرسېرى بېغىشلىدى ئۆزىنى.

ئارىسىدا يوپۇرماقلارنىڭ
تۇغۇلماقتا سوغۇق تۇيغۇلار
يۇلتۇزلاردىن نۇرلانغان ھېسلار
چەكسىز ئۇپۇق لېۋىدە چاقنار.

2

جىمجىتلىققا
تۆكۈلمەكتە قۇۋناق يۇلتۇز شولىسى
جىمجىتلىقنىڭ كەينىدە

يوشۇرۇنغان تەنتەكلىكىنىڭ ناخشىسى
ئاشىق
ئالۋاستىسى ئۆزگە دۇنيا ئۇنىنىڭ.

ئەگەر يۇرەر كۆلەڭگىسى سەكراتىنىڭ
ئاشۇ يەردىن كەتمەي تېخىچە
پاچاقلانغان ئىشەنچى ئۇنىڭ
يوقاپ كەتكەن يوللىرى ھەمدە.

3

قارىغايلار
ئىنتىلمەكتە تۇن نىسپىنىڭ ۋەسلىگە
بارماقلار ھەم جىمجىتلىقنىڭ ۋەسلىگە

چۈشنىڭ ئوچۇق دېرىزىسى سىرتىدا
ئاستا - ئاستا يېيىلماقتا پۇشايمان
ئاغماقتا ھەم يۇلتۇزلارغا ساپ رەڭدەك!

4

يۇرتۇم ھىجرىنىڭ
سىرلىق - پىنھان ئېيى ئاستىدا
گۇگۇمنىڭ
يارقىن، تەنھا پاسىلىدا ھەم
قىپيالىڭاچ بىر گەۋدە
ئوخشاپ ھەقىقەتكە
چىنلىق ئۇچۇن تىكلىدى ئەلەم.

5

بەخىرامان كېچىنى
ئەسلىمىلەر قورشىۋالدى تۇيۇقسىز
ئاشۇ كۆپكۆك،
قىزىل،
سېرىق ئەسلىمىلەر.
غەپلەت بىلەن تولغان ئۇنىڭ قۇچىقى
يەلپۈپ تۇرار شامال ئۇنىڭ چېچىنى
قاپلىۋالغان سۇكۇت ئۇنىڭ كۆزىنى.

6

تەگسىز كېچە، پۇتمەس ئازابلار
ئۇيقۇسىراپ كەتكەن چىرايلار
ھەسرەت كۆزدىن ئاققۇزىدۇ ياش
كۇلپەتلەر
يوقىلىدۇ بېرەلمەي بەرداش.

دەخلى قىلسا بىھۇدە پىلان
ئەگرى - بۈگرى پىكىر يولىغا
مۆكۈنىدۇ ئۆلۈم نۇقتىسى
تەقدىرىنىڭ شۇ چىمىلدىقىغا.

7

ئاي
تاج كىيدۈردى كېچىگە

خىياللارنىڭ يۈزىنى
پارە ـ پارە قىلدى سايىلەر
گۆگۈمدا
ياڭرىغاندا مۈڭلۈق بۇرغا ساداسى
قىممەتسىز بىر كۆزقاراشنىڭ ئاستىدا
مەقسەتسىز غۇلاشتىن تۇغۇلدى كۈلپەت.

### «تونۇمايمەن ئەمدى زۇلمەت كېچىنى...»

تونۇمايمەن ئەمدى زۇلمەت كېچىنى
ۋەھىمىلىك ئىسمىدۇر ئۇ ئۆلۈمنىڭ
لەڭگىرىنى سالدى يۇلتۇز قېيىقلار
تېرەن چوڭقۇر بىر جايىغا دىلىمنىڭ
ئاھ، قاراۋۇل، ئاھ، ۋېنېرا يۇلتۇزى
چۈشۈمدىكى كىچىككىنە ئارالدا
ياندىش بولۇپ شامىلىغا بەختىنىڭ
چاقنايسىلەر تاڭ ئاتتى دەپ، ۋىسالدا
ئېگىز ـ ئېگىز قىيالارنىڭ ئۈستىدىن
سىلجىماقتا كۆزۈم سېنى قۇچاقلاپ
تونۇمايمەن ئىلاھىنى كېچىنىڭ،
ساداقەتلىك يۈرىكىمنىڭ يۇلتۇزى
تۇرغاندىمۇ كۆز چاقنىتىپ جۇلالاپ.

ئۇنتۇپ كەتتىم مەندىن تانغان دۇنيانى
ئېسىمدىدۇر سەدەپ يۇلتۇز، گۈل ـ گىياھ
كەڭرى ـ داغدام رەستىسىدە سامانىڭ

يەكسان بولدۇم قىلسامىمۇ گەر جان پىدا
مەڭگۈ ئۆلمەس دېڭىزدىن مەن ئۆتكەندە
تىكىلدۇ ماڭا مەسۇم خىيالىم
كۆزلىرىدە لىغىرلىتىپ يېشىنى.
زەر يالقۇنۇڭ گۈمبىزىدە، ۋېنېرا
ئاشۇ زۇلمەت كېچىلەرنىڭ كېچىسى
ماڭا يوچۇن قىلىۋالدى ئۆزىنى.

## ياز تېنى

چۈمۈلە، كەسلەنچۈككە كۆپتىن بېرى
ئاڭلانماس بولۇپ قالدى يامغۇر ئۈنى
ھۆلۈللەپ تۇرار تىنماي تومۇز ئاپتاپ
مېۋىلەر بويىۋالدى لەۋلىرىنى.
ئېچىلدى زېمىننىڭ تەر تۆشۈكلىرى
شوخ ئاققان ئېقىنلارنىڭ بويلىرىدا
ھەيۋەتلىك بىر تۈپ دەرەخ مەغرۇرانە
تىكىلىپ تۇرار قۇياش تامان بۇندا.

كىمدۇ ئۇ چېكىپ زەيتۇن تاماكىنى
دېڭىزنىڭ ساھىلىدا ئۇخدا ياتقان؟
قاپقارا چېكەتكىلەر بېرىپ ئاگاھ
چىرىلداپ ئەتراپىغا كۈي تاراتقان؟
چۈمۈلە كۆكرىكىدە ئوينار ئۈنىڭ
كەسلەنچۈك قولتۇقىدا يۇرەر تېنەپ
كۈيلەيدۇ ئاشۇلارنى باشلاپ كەلگەن
دېڭىزنىڭ ئالۋاستىسى خۇشال ئۈنلەپ:

«كۆيدى ئاھ، قىپيالىڭاچ يازنىڭ تېنى
قىيا تاش ھەم يۈرەكنىڭ تىترەشلىرى
ماي، تۇزلار ئارىسىدا كەتتى چىرىپ.
بورانلار ئايان قىلىپ شىددىتىنى
مەجنۇنتال ئارىسىدىن ئۆتەر كېزىپ،
سوزۇلغان ئەگرى ـ بۈگرى يېرىقلاردا
لەيلەيدۇ رەيھانگۈلنىڭ پۇراقلىرى
بۇ يەردە بىر سەۋسەن بار، تۇرغان ئۇراپ
— يۇلتۇز ھەم قارىغاينىڭ ياپراقلىرى.
ئاھ، يازنىڭ سىرلىق تېنى، كۈندۈز قېپى!

شىددەتلىك مۆلدۈر بىلەن كەلدى يامغۇر
شامالنىڭ تىرناقلىرى يارا قىلغان
زېمىننىڭ ئۇزايىنى دەردكە ئوراپ،
تەكتىگە، دەۋرەپ تۇرغان دېڭىزنىڭ
ياۋايى دولقۇنلارنى كىردى باشلاپ.
ئېگىز تاغ چوققىلىرى كىردى شۇڭغۇپ
كۆكسىگە تۇتاش تۇرغان بۇلۇتلارنىڭ
لېكىن سەن مۆكۈپ ھەممە ئارقىسىغا
نېچۈندۇر سوغۇققىنا كۈلۈپ قويدۇڭ.
مەڭگۈلۈك ياشاشنىڭ بىر پۇرسىتىنى
ئېھتىمال يېڭىباشتىن تېپىۋالدىڭ.
قۇملۇقتىن ئىزدەپ قۇياش تاپتى سېنى
كۆردى ھەم كۆك ئاسمانمۇ قۇدرىتىڭنى.»

## تەنھا قارلىغاچ

ھەمدەم بولۇپ باھارغا يېگانە بىر قارلىغاچ
مېھنەت بىلەن ياشىغاي ئايلانسۇن دەپ قۇياشنى.
مىڭلاپ شېھىت تەرىنى تۆكسۇن قۇياش ئىشقىدا،
تىرىكلەرمۇ ھەدىيە قىلسۇن ئىسسىق قېنىنى.
قادىر ئىگەم قىل بىنا مېنى تاغلار ئىچىگە،
مەڭگۈلۈككە قالدۇرغىن دېڭىزلارنىڭ ئىلكىگە!

كۆتۈرۈپ ماي ئېيىنىڭ مۇردىسىنى سېھىرگەر
كۆمدى ئاستا ئاۋايلاپ دېڭىزدىكى قەبرىگە.
ئۇنى تېرەن قۇدۇقتا ساقلىسىمۇ شۇ پېتى
ھىدى تارار زۇلمەتكە ھەمدە دوزاخ ئىچىگە.
پاسخادىكى سىرىنگۈل ھىدلىرىدا، ئىگەم سەن
تىرىلىشنىڭ مۇئەتتەر پۇرىقىنى پۇرايسەن!

ئۇرۇق تىنماي تولغىنىپ تۇرغىنىدەك ماتكىدا
ۋەھىمىلىك خاتىرە بۆسۈپ چىقتى تۇپراقنى.
گويا ئاچ كۆز ئۆمۈچۈك يالماپ يۇتۇپ نۇرلارنى
چاقناتقاندەك دېڭىزنى، چەكسىز ساھىل ـ قىرغاقنى.
قادىر ئىگەم دېڭىزنىڭ قىرغىقىدا قىل ھىمات
يارات مېنى تاغلاردا قىلىپ كاتتا ئىلتىپات.

## جەننەتتىن پارچىلاپ چىقتىم بىر ئارال

جەننەتتىن پارچىلاپ چىقتىم بىر ئارال
ھەم دېڭىز ئۈستىگە قۇردۇم بىر قەسىر.
سىلەرچۇ ھەممىڭلار ئۈستىدە ئۇنىڭ.

بار ئۇندا بىر ئىشىك ھەيۋەتلىك تۆشەك.
تۇتۇپ بىر نەيرەڭۋاز خۇشامەتچىنى
تاشلىدىم تېگى يوق دېڭىز قەرىگە
كۆرەي دەپ ئۇنىڭدىن ھەر تاڭ ئۆزۈمنى.

قارىسام، تېنىڭلارنىڭ يېرىمى سۇدا
يېرىمى جەننەتتە، قىلىمەن نىدا.

(«دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1992 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىن ئېلىندى.)

# ھېرمان ھېسسى شېئىرلىرىدىن



[ئىلاۋە: ھېرمان ھېسسى (1877 — 1962) نېمىس تىلىدا ئەسەر يازىدىغان شىۋېيتسارىيەلىك يازغۇچى ھەم شائىر. ئۇ گېرمانىيەنىڭ شۋابىن رايونىدىكى بىر دىن تارقاتقۇچى ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، شەرق ۋە غەربتىكى ھەر خىل دىنىي مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان. 1912 - يىلى شىۋېيتسىيەگە كۆچۈپ بارغان، 1923 - يىلى شىۋېيتسارىيە پۇقرالىقىغا ئۆتكەن.

ئۇنىڭ «دېمىئان»، «سىد ھارتا»، «سازلىق بۆرىسى»، «ئەينەك ساقىلار ئويۇنى» قاتارلىق رومانلىرى، «شېئىرلار»، «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق» قاتارلىق شېئىر توپلاملىرى بار.

ھېرمان ھېسسى شېئىرلىرى ساپ ھېسسىيات، ئاددىي - ساددا ئۇسلۇب، چوڭقۇر پەلسەپىۋىلىككە ئىگە بولۇپ، كىشىنى قەلب ۋە ئالەم سىرلىرىنىڭ بىرتۇتاش قويىنىغا تۇيدۇرمايلا باشلاپ كىرىدۇ. بۇ جەھەتتە، ئۇ ئاددىي يول بىلەن چوڭقۇرلۇققا ئېرىشەلىگەن تىپىك شائىرلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ «ئىلھامغا باي ئەسەرلىرى پۇختا ۋە كۆزىتىش كۈچىگە ئىگە بولغانلىقى، يۈكسەك ئىنسانپەرۋەرلىك ھەم ئالىيجاناب ئىستىلىنىڭ ئۈلگىسىنى ياراتقان»لىقى ئۈچۈن، 1946 - يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى بىلەن تارتۇقلانغان.]

## باھار

قاراڭغۇ قاپلىغان ئۆيلەر قەبرىسى،
چۈشلەرنىڭ ئىلكىدە تۇردۇم مەن ئۇزاق.
چۈشۈمدە دەرىخنىڭ، زەڭگەر ئاسمىنىنىڭ،
قۇشلىرىنىڭ نەغمىدە، تېنىڭ خۇش پۇراق.

ھە، مانا پۈتۈنلەي بولدۇڭ سەن ئايان،
ياسىنىپ ئالدىمدا ئەيلىدىڭ جىلۋە.
كۆزلىرىم رەڭلەردىن قامىشار بۇ دەم،
تۇغۇلدى گويا كى ئېسىل مۆجىزە.

سەن مېنى تونۇدۇڭ، بايقىدىڭ بۈگۈن،
ئىللىق باغرىڭ مەپتۇن قىلدى، ئېزىقتىم يەنە.
مەڭگۈلۈك بەختىڭنىڭ ئالدىدا شۇ تاپ،
بىر يەڭگىل تىترەكنى سەزدىم تېنىمدە.

بەزىدە قۇش ئۇرغاندا خەندان،
سىيپىغاندا شاخلارنى شامال.
يىراق ئۆيدە قاۋىغاندا ئىت،
ئۇزاق - ئۇزاق تىڭشايمەن جىم - لال.

كەتتى روھىم ئۆتمۈشكە ئۇچۇپ،
ئەستىن چىققان مىڭ يىل ئالدىغا.
نەرىسىدە قۇشلار ھەم شامال،
ئايلىنىدۇ قېرىندىشىمغا.

روھىم مېنىڭ ياكى بىر دەرەخ،
ياكى ھايۋان، ياكى بىر بۇلۇت.
ئۆزگىرىمەن توختىماي ھەردەم،
سوئالىڭغا قالامتىم تۇرۇپ؟

## سازلىق بۆرىسى

كۇمۇش كەبى ئاپپاقلىنە بىر دۇنيا،
تۇندە كەزگەن بۆرىسىمەن سازلىقنىڭ،
قېيىنزاردىن ئۇركۇمەكتە قاغىلار،
قارىسى يوق ياۋا توشقان، جەرەننىڭ.
يولۇقتۇرسام ئەگەر كىچىك جەرەننى،
يېتەر ئىدىم ئۇنىڭ شۇنچە قەدرىگە.
قادىر بولسام يالماپ ئۇنى يېيىشكە،
چوقۇم لەززەت بېرەر ئىدى قەلبىمگە.
مەن سۆيىمەن بۇ مېھىرلىك جاناننى،
دەيمەن يۇمران ۋۇجۇدىنى يالىسام.
تەشنالىقتا ئىچىپ قىزىل قېنىنى
باشلىرىمغا تۇننى كىيىپ ھۇۋلىسام،
توشقانغىمۇ قىلار ئىدىم قانائەت.
ئىسسىق گۆشى لەززەت بېرەر تۇن ئارا —
ھاياتتىكى بۇ ئازغىنە خۇشاللىق،
مەندىن ئۇزاپ كەتكەنىمدۇ شۇنچىلا؟
قاراپ باقسام، قاپتۇ خېلى ئاقىرىپ،
قۇيرۇقتىكى گۈزەل - كۆركەم موينىلىرىم،
نۇرسىزلىنىپ كەتتى ھەتتا كۆزۈممۇ،

بولدى ئۆزاق كەتكىنىنگە دىلبىرىم.
بارماقتىمەن تۈن قوينىدا يېگانە،
خىيال قىلىپ جەرەننى ھەم توشقاننى،
ئۆشقىيتىسمۇ ئەتراپىمدا شۇۋىرغان.
نەمدىۋالدىم قار سۈيىدە كانايىنى:
بارماقتىمەن ئالۋاستىنىڭ ئالدىغا.
يۆدۈپ مىسكىن ھەم بىچارە روھىمنى.

## مەڭگۈلۈك ياشىغۇچى

يەر بوغۇزىنىڭ چوڭقۇرلۇقىدىن
ئۆرلەپ تۇرار ھاياتنىڭ ئىشقى؛
قاتتىق ئازاب، سىھىرلىك كەيپ،
دارلاردىكى دەھشەت ۋەھىمە،
پۈتمەس شادلىق ھەمدە ئاچ كۆزلۈك،
مانا، قولى تىلاۋەتچىنىڭ
جازانىخور، قاتىلنىڭ قولى؛
ۋەھىمە، شادلىقتىن قامچا يېگەنلەر،
چاچار بەتبۇي ھەم ئىسسىق پۇراق.
بەخت، ھاياجاندىن ئېلىپ نەپەسلەر
يالماپ يەنە ياندۇرىدۇ ئۆزىنى.
سەنئەت يېتىلدۈرۈپ، پىلانلاپ تۇرۇش
زىننەتلەيدۇ بەكمۇ ئەسەبىي.
سەلتەنەتلىك پاھىشىخاننى
ئۇلار شاللاق ھەم شۇنچە سۆيۈق
دۇنيادىكى شەھۋەت بەندىسى

مەينەت دولقۇنلاردىن تۆرىلىپ، يەنە —
نىجىس بولۇپ كەتكەن ھەممىسى.
بىز يۇرىمىز ئىزدەپ پاناھگاھ
قاشتېشىدەك سۈزۈك ئاسماندىن،
يوق ئۇ يەردە كىچە ھەم كۈندۈز
يوق دەرىجە، جىنسىنىڭ پەرقى.
ۋەھىمەڭلار، گۇناھلىرىڭلار
ھىيلە - نەيرەڭ، شەھۋىتىڭلار
بىزچە گويا بىر مەيدان ئويۇن،
تىنىم تاپماس قۇياش مىسالى.
ھەر كۈنىمىز ئۆتەر بەك ئاستا
باش لىڭشىتىپ پانىي دۇنياغا
تىكىلىمىز سەييارىلەرگە
ئالەم زىمىستاندىن ئېلىپ بىز نەپەس
تەگرىنىڭ بەھەيۋەت ئەجدىھاسى بىلەن
بىز ئۆتىمىز بولۇپ ئۆم - ئىناق؛
مەڭگۈلۈك مەۋجۇتمىز چىرىمەس، سالقىن،
مەڭگۈلۈك كۈلىمىز، سالقىن ھەم يارقىن.

## نەي

دەرەخ، چاتقال ئارا پەنجىرە،
خىرە شولا تارىتار كەچتە،
بىرى مۇڭلۇق چالار نېيىنى
شۇ گىرىمسەن ئۆينىڭ ئىچىدە.

گۈگۈم ئىچرە تونۇش بىر ناخشا،
ئۈزۈپ يۈرەر مۇڭلۇق ھەم لەۋەن،
قايتىپ شۇ دەم يۈرتۇڭغا گويا
تاماملىدىڭ سەپىرىڭنى سەن.

نەپەسلىرى ئاشۇ نەيچىنىڭ،
چىقارماقتا دۇنيا سىرىنى،
ھازىر ئۆزى مەڭگۈلۈك دۇنيا،
بېغىشلايدۇ ھەركىم ئۆزىنى.

## قۇمغا يېزىش

بارچە گۈزەل، سېھىرلىك نەرسە ـــ
پەقەت تۇمان ياكى ئۇچقان قار
چۇنكى ئەزىز، سۆيۈملۈك نەرسە
مەڭگۈلۈككە تاپالماس قارار:
مەيلى بۇلۇت، گۈللەر ھەم ماغزاپ،
مەيلى ساليۇت، بالا كۈلكىسى
ئەينەكتىكى ماھتابانلار
باشقا گۈزەل نەرسە ھەممىسى.
ئۇلار سالقىن ياكى خۇش پۇراق
بۇنى بىلىش شۇ قەدەر ھەسرەت
غايىب بولۇر، بولسىلا ئايان
مەۋجۇت بولار دەقىقە پەقەت.
ئۇزاق ياشاپ تۇرغان ھەممىسى
كۆڭلىمىزدە ئەمەس سۆيۈملۈك:

سوغۇق شولا تاراتقان ياقۇت
ۋەزنى ئېغىر پارقىراق ئالتۇن
بۇلار گويا ھېسابسىز يۇلتۇز
يىراق كۆكتە چاقنىغان يوچۇن.
ئۆتكۈنچى بىز، ئۇلار ئىنتىلىپ
قەلبىمىزگە كىرەلمەس سىڭىپ.

ياق، سۆيۈملۈك بولغىنى بىزگە
يوقىلىشقا قاراپ يول ئالغان
توزۇۋاتقان شۇنداق نەرسىلەر.
بىز سۆيىمىز ھەممىدىن شۇنى
ياۋا ھايۋان، شامال، سۇ كەبى
پەيدا بولۇپ يوقالغان، ئۆچكەن
مۇزىكىنىڭ ئويناقلىقىنى،
بار ئۇنىڭدا غۇۋا بىر ھەسرەت
داۋام قىلار توختىماي ھامان
سادالارغا ئۇلىنىپ سادا
ئېقىپ تۇرار سۇ كەبى راۋان.

مانا شۇنداق بىزنىڭ قەلبىمىز
ياقماس زىنھار ئۆلۈك نەرسىلەر
ھايات، پەرۋاز ھەمدە ئېقىنى
ساداقەت ھەم مەردلىكتە سۆيەر
يۇلتۇزلۇق كۆك، گۆھەر، قىيا تاش
شۇنچە ئىتتىك قىلىدۇ بىزار.
شامال، ماغزاپ شوخلۇق بىزنى
ئۇندىمەكتە مەڭگۈ كۆچۈشكە
زامانغا يار بولۇپ ئەبەدكە.

ئاشۇ گۈلدە چاقنىغان شەبنەم
شۇ يېگانە قۇشنىڭ شادلىقى
غايىب بولغان ئاشۇ بۇلۇتلار
پارقىراپ قار ۋە ھەسەن ـ ھۈسەن
قانات قېقىپ ئۇچقان كېپىنەك
شوخ ياڭراق كۈلكە ساداسى
بۇ يوقىلىپ كەتكەن نەرسىلەر
بېرەلەيدۇ شادلىق يا ئەلەم.
بىز سۆيىمىز ئۆزىمىز بىلەن
ئوخشاپ كەتكەن ھەممە نەرسىنى
بىز تونۇيمىز شاماللار قۇمغا
يېزىپ قويغان ئىنشا ـ ھەرپىنى.

## مەكتۇپ

ئەستى مەغرىب شامىلى كەچتە،
ئىگرىماقتا لىپامۇ دەردتە،
ئاي شاخلارنىڭ ئاراچلىرىدىن
تىكىلمەكتە خانامغا چەتتە.

نامە يازدىم دىل سۆيگەن گۈزەل
تاشلاپ كەتكەن ئاشۇ دىلبەرگە،
ئۇزۇن قۇرلار بولغۇچە تامام
ئاي نۇرىنى تۆكتى قەغەزگە.

چۈشۈپ ئاينىڭ جىمجىت شولىسى،
قۇرلار ئارا قىلغاندا جىلۋە،
يۈرەك يىغلاپ ئۇنتۇلدى ئۇيقۇ
ئۇنتۇلدى ئاي، ئىبادەت ھەممە.

(«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 1993 ـ يىللىق 6 ـ سانىدىن ئېلىندى.)



# بورخىس شېئىرلىرىدىن



[ئىلاۋە: بورخىس ( 1899 — 1986، Jorge Luis borges) ئارگېنتىنا يازغۇچىسى، شائىر، ئوبزورچى ۋە ئەدەبىي تەرجىمان. بورخىس ناھايىتى بىلىملىك يازغۇچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە غەرب ۋە شەرقنىڭ مول مەدەنىيەت تىندۇرمىسى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ «ئاچا يوللۇق باغ» (1941)، «ئەلىف» (1949) قاتارلىق ھېكايىلىرى ۋەكىل خاراكتېرگە ئىگە. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ «ئاخشام قىسمىتى»، «بوينىس ئايرىس تۈيغۇسى»، «شائىر» قاتارلىق شېئىر، نەسر توپلاملىرى بار. بورخىسنىڭ ھېكايە ۋە شېئىرلىرى ئۇسلۇبىدىكى ئۆزگىچىلىك ھەم خاسلىق بىلەن دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ خەزىنىسىگە ئايلىنىپ كەتكەن. ]

## شېئىر سەنئىتى

يىللار ھەم سۇدىن پۈتكەن ئېقىنغا بېقىپ،
ۋاقىتنى باشقا بىر دەرياكەن دېدىم.
ھەممىمىز دەريادەك بولىمىز غايىب،
چىرايلار سۇ كەبى ئاقار بىتىنىم.

تۇندىكى بىدارلىق باشقىچە بىر چۇش ــ
ئويغاقلىق ۋەسلىنى ئىستىگەن ئارمان.
تېنىمىز ھەر زامان قورققان ھالاكەت،
ھەر كەچكى ئۆلۈمدۇر چۇش دەپ ئاتالغان.

يورغا ئاي ـ يىللار تاشلىغىن نەزەر،
ئۇنى ھەم ھاياتنىڭ بەلگىسى دەپ بىل.
ئاشۇ ئاي ـ يىللارنىڭ دەپسەندىسىنى،
ئايلاندۇر ناۋاغا ياكى سىمۋول قىل.

ئايلاندۇر بىتەھقىق ئۆلۈمنى چۇشكە،
قايغۇلۇق ئالتۇن بىل قۇياشنى پاتقان.
موھتاجلىق ۋە لېكىن ئۆلمەسلىك شېئىر،
شېئىردۇر شام ـ سەھەر كۇندە ئالماشقان.

بىراۋنىڭ چىرايى قايرىلغاندا كۇن،
ئەينەك چوڭقۇرىدىن تىكىلەر بىزگە.
سەنئەتنىڭ خىسلىتى بولسۇن ئەينەكتەك،
تۇرقىمىز ئۆزىمىزنى كۆرسەتسۇن بىزگە.

كۆرۈپ رىۋايەتتە جاپاكەش يولىشىس[1]،
باراقسان ھەم ساددا ئىستاكانى[2].
يىغلاپ كەتتى ئۆزىنى باسالماستىن،
سەنئەتمۇ ئىستاكا، مەڭگۇ باراقسان
جاپالىق كەچۇرمىش ئەمەس ھېچقاچان.

---

① يولىشىس ــ رىم ئەپسانىلىرىدىكى قەھرىمان بولۇپ، گىرېك ئەپسانىلىرىدىكى ئودېسانىڭ ئۆزى. ئۇ تىرويا ئۇرۇشىدا ياغاچ ئات ھىيلىسىنى ئىشلىتىپ يۇنان قوشۇنلىرىنى غەلىبىگە ئېرىشتۇرگەندى. ئۇ يۇرتىغا قايتىش سەپىرىدە ئون يىللىق خەتەرلىك سەرگۇزەشتلەرنى باشتىن كەچۇرۇپ يۇرتى ئىستاكا ئارىلىغا بارىدۇ. ھومىر «ئودېسا» داستانىدا ئۇنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى سەرگۇزەشتىسىنى تېما قىلغان.

② يەر نامى.

شېئىر ھەم دەريادۇر مەڭگۈ قۇرۇماس،
ھىراكلىتنىڭ[1] ئۆزگىرىشچان كىرىستالى.
شېئىر شۇ كىرىستال ۋە ياكى ئەمەس،
تىنىمسىز دەريادەك ئەزەلدىن يېڭى.

### تالانت

تەڭرى ماڭا كىتاب بەردى،
زۇلمەت كېچە ھەم.
بۇ مەسخىرە ئادەمنى قىلمامدۇ ھەيران.
خالىمايمەن ھېچكىمنىڭ ئاھۇ زارىنى،
مېنىڭ ئۇچۇن قايغۇرۇپ چەكمەڭلار پىغان.

تەڭرى بۇ كىتابتىن پۈتكەن شەھەرگە،
غوجايىن قىلدى جۇپ گىرىمسەن كۆزنى.
قانچىلىك زەن قويۇپ قارىسۇن ئۇ كۆز،
قەۋەت - قەۋەت كىتاب ئىشكاپلىرىدىن،
كۆرىدۇ ئارانلا تۇتۇق پارچىلارنى.

كىتاب ئىشكاپىغا چۈشۈپ ئاپپاق نۇر،
يورۇتار بىساناق، توم - توم كىتابنى.
ئۇلار تۇمان كەبى بىپايان، چوڭقۇر،
ئەسلىتەر ئالېكساندىر شەھىرىدىكى
كۆيگەن كىتابلارنى - خارابىلەرنى[2].

---

① ھىراكلىت — تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەرىكەت تەكرارلىنىپ تىنىمسىز دەۋر قىلىپ تۇرىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ «ئادەم بىر دەريادىن ئىككى قېتىم ئۆتكىلى بولمايدۇ» دېگەن مەشھۇر سۆزى بار.

② ئوتتۇرا يەر دېڭىزىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان پادىشاھ پىتولىمى II مىسىرنىڭ ئالېكساندىرىيە شەھىرىدە ھەيۋەتلىك بىر كۇتۇپخانا قۇرغان. بۇ كۇتۇپخانا كېيىن كۆپ قېتىملىق ئۇرۇشلاردا ۋەيران بولغان.

گىرىك قىسسىسىدە بىر پادىشاھ ئۆلگەن،
چاڭقاپ زۇمرەت بولاق ئاققان باغلاردا.
شۇ ھەيۋەتلىك كۇتۇپخانىدا ئىزدەيمەن،
قارىغۇلارچە سىلاپ، يۈرەك بىناۋا.

قامۇسلار، خەرىتىلەر ھەمدە مەشرىق،
مەغرىب ھەم ئەسىرلەر، سۇلالىلەر.
بەلگىلەر، ئالەم ھەم ئالەم مەنبەسى،
تاملارنى قىلدى ھاسىل، ماڭا نېمە بېرەر.

سايىلەر ئارا، بوشلۇق زۇلمىتى ئارا،
ھاسامغا تايىنىپ ئىزدەۋاتىمەن.
قەلبىمدە جەننەتنىڭ قىياپىتىنى،
كۇتۇپخانا شەكلىدە ياساۋاتىمەن.

«تاسادىپىيلىق» دېگىلى بولمايدۇ زىنھار،
نېمە ئىكەن بولارنى قىلغان كونترول.
شۇ نۇرغۇن كىتابلارنى، سايىلەرنى،
ئۆتمۈشتىكى غۇۋا بىر پىشىم ۋاقتىدا،
قىلغانىكەن يەنە بىر مەن ئۆزىگە قوبۇل.
كىم يازدىكىن بۇ شېئىرىنى ئىككىمىز ئارا؟
چىگىش مەنمۇ ۋە ياكى تەنھا بىر سايە.
مېنى قانداق ئاتاشنىڭ كارى چاغلىقتۇر،
قارغاش دېگەن پارچىلانماس پۈتۈن بىر گەۋدە.

قارايدۇ گېروساك[①] ياكى بورخىس،
بۇ سۆيۈملۈك دۇنيانىڭ ھالاكىتىگە.
بۇزۇلدى ئۇ، بولدى ئاپپاق كۇل دۆۋىسى
ئوخشار ئۇنتۇلۇشقا ۋە ياكى چۈشكە.

① گېروساك (1848 ــ 1929) ئارگېنتىنالىق ئەدىب، ئەدەبىي ئوبزورچى.

## كومپاس

نەرسىلەر مەلۇم بىر يېزىقتىكى سۆز،
كىم ئايرىماس تىلسىم ئارا كېچە ـ كۈندۈزنى.
دۇنيانىڭ تارىخى ئاشۇنداق بولمىش،
شۇ يېزىقتا يېزىپ چىقتۇق شاۋقۇن ـ سۈرەننى.

سۈرەنلىك كارفاگىن[1]، رۇم، مەن، سەن، ئۇ
چۈشەنمەيمەن ئۆزۈمنىڭ ھاياتىنى.
سىر ھەم ئامەت، زىچ يېزىلغان ئازابلار
يەنە بابىل مۇنارىنىڭ سۇنۇق ماجىرالىرىنى.

ئىسىملار كەينىدە ئىسىمسىز نەرسە،
بۇ يالتىراق، ئەپچىل زەڭگەر ئىستىرېلكىدا.
سايىسىنىڭ تارتىشىنى سەزدىم بۈگۈن،
جەسۇر ئىستىرېلكا باقار دېڭىز قىرغىقى تامان.
گويا چۈشۈم ئىچىدە كۆرگەن شۇ سائەت،
ئوخشاپ كېتەر ئۇخلاۋېتىپ تىترىگەن قۇشقا.

## 1966 ـ يىلىدىكى قەسىدە

ۋەتەن ئۇ بىر ئوچۇم ئادەملەر ئەمەس
ۋەتەن سەھەردىكى كەڭرى مەيداندا
تۇتقانچە مىس ئاتىنىڭ تىزگىنىنى چىڭ.
تىك تۇرغان ھەيۋەتلىك چەۋەنداز ئەمەس،

---

① يەر نامى.

ئەمەس ئۇ كۆزلىرى تىكىلىپ تۇرغان.
ھەدەپ چىپىۋاتقان قەھرىمان تۇگەل،
ۋەتەن ئۇ شېئىر يازغان ئەدىبمۇ ئەمەس.
چوڭ ئىشنى تەۋرەتكەن باتۇرمۇ ئەمەس،
ھەتتا، ئەۋلادلارغا ئۈلگە قالدۇرۇپ.
بىر - بىر كىتىپ قالغان كامىللار ئەمەس،
ۋەتەن ئۇ بىر ئۇچۇم ئادەملەر ئەمەس
ھېچنېمە ۋەتەندىن دېرەك بېرەلمەس.

ۋەتەن ئۇ بىر ئۇچۇم ئادەملەر ئەمەس.
ياكى ئەلىمساقتىن تارتىپ زامانلار —
تولدى قىلىچ، ئۇرۇش، نىزاغا
ئاستا روناق تاپقان شەھەر - بازارلار
سەھەرگە نامازشام پەيتىنى ئۇلاپ
كەلتۇردى بەئەينى بىرلا تالاغا،
نۇرانە ئەپتىنى يوقاتقان ئەينەك.
كۆرسىتەر سولاشقان، ھالسىز چىرايىنى،
تاڭغىچە قۇترايدۇ نامسىز ئازابلار،
يامغۇرلار باغچىدا ياغار تورسىمان —
بۇلار دېرەك بەرمەس ۋەتەندىن ھامان.

دوستلىرىم، تىنىمسىز ھەرىكەتتۇر ۋەتەن،
بەئەينى تىنىمسىز دۇنياغا ئوخشاش.
(مۇبادا مەڭگۇلۇك شۇ كۆزەتكۈچى
بىر لەھزە ئويلىماي قويسىلا بىزنى
كۈمۈش رەڭگىدىكى ئۇچقۇر چاقماقلار
تېشىپلا ئۆرتەيدۇ ۋۇجۇدىمىزنى).
ۋەتەن ئۇ بىر ئۇچۇم ئادەملەر ئەمەس،

بىراق، بىز ھەممىمىز قويمايمىز يەردە
كونا قەسىمنى چەۋەندازلارنىڭ
بولايلى شۇنداق بىر ئاجايىپ ئىنسان
ئېسىگە كىرمىگەن گويا ئۇلارنىڭ
بولايلى بىز شۇنداق ئارگېنتىنالىق
ئۇلارنىڭ ئىستىكى، غايىسى كەبى
ئۇلار بۇ قەدىمىي ئېسىل تۇپراقتا
ئاشۇنداق قەسەمياد قىلغان ئەبەدىي.
دەل ئاشۇ مەردلەرنىڭ كېلەچىكى بىز،
ئۆلۈكلەر قەلبىنىڭ تەسەللىسى بىز؛
ۋارىسلىق ئېنىقكى بىزنىڭ بۇرچىمىز
شۇ ئۇلۇغ سىيمالار قالدۇرغان شاننى
قوغدايمىز، كۆڭۈلدە مەھكەم قۇچىمىز.
ۋەتەن ئۇ بىر ئوچۇم ئادەملەر ئەمەس،
ۋەتەن ئۇ پەقەتلا پۈتكۈل ھەممىمىز.
شۇ گۈزەل يالقۇنلار كۆكسىمىز ئىچرە،
ئەبەدىي يېلىنجاپ تۇرسۇن غۇبارسىز.

## قەستداش

مەن چار مىخقا مىخلانسام ئەگەر،
بولاي مىخ ھەم چار مىخنىڭ ئۆزى.
مەجبۇرلانسام زەھەرلىك مەيگە،
بولۇشۇم كېرەك ئوغىنىڭ ئۆزى.
ئالدىغاندا بولاي سەپسەتە،
كۆيدۈرۈلسەم دوزاخنىڭ ئوتى.

رەھمەت دەيمەن ھەربىر لەھزىگە.
يۇتۇۋېتەي ھەممە نەرسىنى
دۇنيانىڭ يۇكىنى، نومۇس، شادلىقنى.

ئاقلاي زەخمەت قىلغان بارچىنى
كارى چاغلىق، ماڭا بەربىر
بەختسىزلىك ياكى بەختنىڭ
چۈنكى مەن دېگەن شائىر.
چۈنكى مەن دېگەن شائىر.

## سىرلانغان ھاسا

مارىيە ئۇنى كۆرۈپ قالدى. ئېغىردەك كۆرۈنسىمۇ بەكلا يەڭگىل ئىدى. ئۇنىڭغا كىمنىڭ كۆزى چۈشسە كۆزىنى ئۈزەلمەي قالىدۇ. كىم كۆزىنى ئۈزەلمىگەن بولسا شۇ ئۇنتۇپ قالمايدۇ.

ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇ ماڭا ئاشۇ ئىمپېرىيەنىڭ بىر قىسمىدەك كۆرۈندى، ناھايىتى قەدىمكى ئىمپېرىيە، ئۇ سەددىچىنىنى ياسىدى، ئۇ ئاجايىپ ئىقلىم بەرپا قىلماقچى.

ئۇنىڭغا قارىدىم. جۇاڭزى ئېسىمگە كەلدى. جۇاڭزى ئۆزىنىڭ چۈشىدە كېپىنەككە ئايلىنىپ قالغانىدى، ئادەم چۈشىدە كېپىنەككە ئايلاندىمۇ ياكى كېپىنەك چۈشىدە ئادەمگە ئايلاندىمۇ، ئۇ ئويغانغاندىن كېيىن بۇنى بىلەلمىدى.

ئۇنىڭغا قارىدىم. ھاسىنى ياسىغان ئۇستامنى پەرەز قىلدىم، ئۇ بامبۇكلارنى ئوتقا قاقلاپ ئېگىپ، ئۇڭ قولۇمغا ئەپچىل كېلىدىغان قىلىپ ياسىغانىكەن.

ئۇ ھاياتمۇ ياكى ئۆلۈپ كەتتىمۇ، بۇنى بىلمەيمەن.

ئۇ تەرىقەتكە ئىشەنمەمدۇ، بۇدداغىمۇ ياكى 64 جىلدلىق پال كىتابىنى تەتقىق قىلامدۇ، بۇنى بىلمەيمەن.

بىز ئەبەدىي يۈز كۆرۈشەلمەيمىز.

ئۇنى 930 مىليون ئادەمنىڭ ئارىسىدىن تېپىش تەس.

ئەمما، بىرنەرسە بىزنى باغلاپ تۇرىدۇ.

تىلىم ئارا كىشىلەر بۇنداق باغلىنىشنىڭ مۇمكىنلىكىنى ئويلىغان.

دۇنيا بۇنداق باغلىنىشنىڭ مۇمكىنلىكىگە موھتاج.

(«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 1995 ـ يىللىق 2 ـ سانىدىن ئېلىندى)

# گىلۋىك شېئىرلىرىدىن



[ئىلاۋە: گىلۋىك (1907 ـ يىلى تۇغۇلغان) فىرانسىيەنىڭ ھالقىما رېئالىزمچى شائىرى، ئۇنىڭ «لايدىن ۋە سۇدىن» (1942)، «ئېجرا قەغىزى» (1947)، «ئېرىشمەك» (1949)، «زېمىن بەختى ئۇچۇن» (1952)، «ئېۋىكلىمىد ئاھاڭلىرى» (1967) قاتارلىق توپلاملىرى بار.]

## سۇنۇۋاتقان گۈلخان

قەيەردىدۇر، تېرەنلىكتە،
بىر تېرەنلىكتە،
يوللار ئۇچرىشىدۇ.
قىسقىراق يوللار.

بىپايانلىق بىلەن قوشۇلۇپ كېتەر.

مانا ھېچ نەرسە يوق — پەقەت شار قالدى،
ئۇ — چەكسىز، كۆرۈنمەس، يۇمىلاق ۋۇجۇد،
تىنماي لەڭ ئۇرىدۇ ئۇنىڭ ئىچىدە،
لەڭ ئۇرىدۇ قاندەك قارا رەڭ.

ئەقىل يەتمەيدىغان يىراقلىقلاردا
تەنها، ئۇنتۇلغان
بىر كۆز
تىكىلەر —

سۆنۈۋاتقان گۈلخان يۈرىكى.

تاكى يەلكەن گۈللەر ئىكەن شامالدا —
ئۈمىد كۆتسە بولار ھاياتتىن.
دولقۇنلار كۆچىيىپ گىرەلىشەر
قاتتىق تېپىپ يۈرەك
جەۋلان ئېتەر.

## چۈمۈلە

ئېتىبارغا ئېلىنمىغان
چۈمۈلە جەسىتى —
يېشىل مايسىدا
ياتقان بىر نۇقتا؟

مەلۇمكى، بۇ زېمىن —
ئادەملەرنىڭ قولىدا.
چۈمۈلىنى يارىتىپ
چوقۇم خاتا قىلدى خۇدا.

يىرگىنچلىك مەخلۇق، قاچماي تۇر
ھازىر قايناق سۇ بىلەن سېنى!...

ئەگەر سەن، ئەي چۈمۈلە
يوغانراق بولساڭ ئىدىڭ
مىلتىقنىڭ بولسا ئىدى قولۇڭدا،
ئىشەنگىنكى،
ھۆرمەت قىلغان بولاتتى شۇندا
ئادەملەر
سېنى .

قۇشنىڭ بوغۇزىدا
ئىشەنچ - ئۈمىد ساقلىنار
كېلەچەكنىڭ باھارلىرىغا.

بىز ھەممىشە ئىستەر ئىدۇق
شاش ۋاقىتتىن ئۆزاپ كېتىشنى.

ۋاقىتتىن بۇرۇن
تېخى يۇز بەرمىگەن ۋەقەلەرنىڭ
قوغۇشۇن تېنىگە چۆكۈپ كېتىشنى.
ۋاقىت قولغا ئۆگىتەلمىگەن
نەرسىلەر بوينىغا ئارقان سېلىشنى.

ۋە ئۇلجىنى بېسىپ كۆكرەككە
تىكىلمەكنى ئىستەر ئىدۇق
ئەسىرلەر ئارىلاپ، تۇمانلار ئارا
قىرغاقلىرىمىزغا چېچىلىۋاتقان
ۋۇجۇدى قۇرۇغان ۋاقىتقا.

مەن سەنسىز ئوتلاقلارغا باردىم.
گۈللەر ياقىقا باردىم مەن سەنسىز
سەنسىز ئۆتتۇم تالاي تاملاردىن
سەنسىز يەتتىم دەررە قېشىدا
سەنسىز
ئاخشام بويى يۇردۇم كۆتۈرۈپ
يالغۇز
ئادەملەرنىڭ ئېغىرلىقىنى.
ئاھ، ئەمدى قولدىن كەلمەس بۇ —
سەنسىز.

شامال، قوم ۋە دېڭىز
سىز شۇ يەردە، خۇددى شۇ يەردە
ئۇچرىشىشنى كېلىشىپ ئالدىڭىز.

ئەمدى، پەۋقۇلئاددە ئۇچراشتۇق دەپ
نەيرەڭ قىلماق شەرتمىكىن، ئەمدى؟

دېڭىز، رەھمەت ساڭا
بىزگە ئوخشىمىغىنىڭ ئۈچۈن.

سەن بىز كەبى مۇمكىن بولمىغان
نەرسىلەر ھەققىدە خىيال سۇرمەيسەن.

ۋە يەنە پاراغەت ھەققىدە.

مەڭگۈلۈكنى
بىز يوقاتمىدۇق.

بىزگە
باشقا نەرسە يېتىشمەس ئىدى:
بىز شۇ مەڭگۈلۈكنى ئاددىي كۈنلەرگە:
ئوتلاقتا، بۇلۇتتا ئايلاندۇرالىدۇق.

ئايلاندۇرالىدۇق بىز ئۇنى
سۆزلەرگە ھەم ۋەقەلەرگە

ئەمما، ساقلاپ قالدۇق ئۆزىمىز ئۈچۈن
قىيىن ئەمەس بۇ ئۇنچىلىك.

گاھى
روشەن بولۇپ قالاتتى بىردىن
مەڭگۈلۈك — بۇ بىزنىڭ ئۆزىمىز.

(ئۆزبېكچە «20 - ئەسىر جاھان شېئىرىيىتى نەمۇنىلىرى» ناملىق كىتابتىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلدى؛ «قومۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1997 - يىللىق 3 - سانىدىن ئېلىندى.)

# سىمبورسكا شېئىرلىرىدىن



[ئىلاۋە: ۋىسلاۋا سىمبورسكا پولشانىڭ ئاتاقلىق شائىرەسى، ئۇ 1923 ـ يىلى پولشانىڭ كوزنىك دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. 1945 ـ يىلىدىن 1948 ـ يىلغىچە كىراكوفتىكى ئالىي مەكتەپتە پولەك تىل ـ ئەدەبىياتى ۋە جەمئىيەتشۇناسلىقنى ئۆگەنگەن. 1953 ـ يىلىدىن باشلاپ، «ئەدەبىي تۇرمۇش» ناملىق ھەپتىلىك ژۇرنالدا شېئىرىيەت سەھىپىسىنىڭ باش مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرى 1945 ـ يىلىدىن باشلاپ ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ «نېمە ئۈچۈن ياشايمىز»(1952)، «ئۆزۈمگە سوئال» (1954)، «قار ئادەمگە خىتاب» (1957)، «تۇز» (1962)، «شېئىرلار» (1967)، «چوڭ سانلار» (1976) قاتارلىق توپلاملارنى ئارقا ـ ئارقىدىن نەشر قىلدۇرغان، ئۇ جەمئىي 12 پارچە شېئىر توپلىمى ئېلان قىلغان. سىمبورسكا شائىرە بولۇش بىلەن بىللە، يەنە پۇختا ئەدەبىي تەرجىمان ھەم تەقرىزچى. ئۇ فىرانسىيە ئوتتۇرا ئەسىر شېئىرلىرىنى پولەك تىلىغا تەرجىمە قىلغان، ئىككى توم ئەدەبىي تەقرىز نەشر قىلدۇرغان.

سىمبورسكانىڭ شېئىرلىرى قويۇق پەلسەپۋى ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، نۇرغۇن شېئىرلىرىدا ئادەمنىڭ تارىخىي ۋە تەبىئىي مۇھىتتىكى ئورنى، كىشىلىك ھاياتنىڭ مەنىسى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرى ئەينى دەۋر زىيالىيلىرىنىڭ روھىي ھالىتى ۋە تە-

سىراتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇ ئۆتكۈر نەزەر بىلەن ئادەمدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى، ئازاب ۋە ھالاكەتلەرنى كۆرۈپ يەتكەن، بۇلارغا نىسبەتەن ھېسداشلىقىنى ئىزھار قىلغان. ئۇنىڭ تىلى ئاددىي ـ ساددا ۋە يارقىن بولۇپ، سەممىمىي ھېكمەت پۇراپ تۇرىدۇ. «ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا پىشقان دۇنيا قاراش بولغانلىقى، ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ رېئال دۇنياسىنى تارىخىي، ئىلمىي ۋە بىيولوگىيە نۇقتىسىدىن كۆزەتكەن» لىكى ئۈچۈن، 1996 ـ يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپا-تىنى ئېلىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولغان. ئۇ نوبېل ئەدەبىيات مۇ-كاپاتىغا ئېرىشكەن تۆتىنچى پولشالىق ۋە دۇنيادىكى توققۇزىنچى ئايال ئەدىب. ]

## دۇنياغا بولغان چۈشەنچىمىز

دۇنيانى بىز سۈدەك راۋان بېرىمىز يادلاپ:
ئۇ كىچىكتۇر، كۆرۈشكەن قول ئارا بولار جەم
شۇنچە ئاددىي بىر تەبەسسۇم ئۇنىڭ تەسۋىرى
شۇنچە ساددا، ئىنجىلدىكى سۆزدەك مۇقەددەم.

ياڭراتمىدى تارىخ زەپەر بۇرغىلىرىنى
قۇم قاينىغان قۇيۇنلارنى ئاتتى كۆزلەرگە
ئالدىمىزدا بەكمۇ ئۇزاق گىرىمسەن بىر يول
ئاچچىق بولكا ھەمدە قۇدۇق تولغان زەھەرگە.

ئۇلجىمىز شۇ، ئېنىق بىلىش دۇنيا تەكتىنى:
شۇنچە يوغان، كۆرۈشكەن قول ئارا بولغان جەم
ئۇ مۇرەككەپ، بىر تەبەسسۇم ئۇنىڭ تەسۋىرى
ئاجايىپكى، ئىنجىلدىكى سۆزدەك مۇقەددەم.

## هەرقانداق ئىش بولماس ئىككى رەت

هەرقانداق ئىش بولماس ئىككى رەت
تەكرارلانماس هەممە ئىش ئەينەن
خام كېلىمىز تۇغۇلغان چاغدا
ئۆلۈمگىمۇ زىنهار كۆنمىگەن.

قالساقمۇ بىز سىنىپ كۆچەلمەي،
بولساقمۇ ئەڭ هورۇن، دۆت تالىپ،
ئوقۇساقمۇ هەر يىلى تەكرار،
يىللار تەكرار دېسەك مۇخالىپ.

يوق پۈتۈنلەي ئوخشاش ئىككى كۈن،
يوق پۈتۈنلەي ئوخشاش ئىككى تۈن،
ئىككى بۆسە ئوخشىماس پەقەت،
كۆزلەر كۆزگە ئوخشىماس پۈتۈن.

تۈنۈگۈنلا يېنىمدا بىراۋ
چاقىرغانتى نامىڭنى ئۈنلۈك.
ئۇ روجەكتىن تاشلانغان بىر تال
ئەتىرگۈلدەك بولدى كۆڭۈللۈك.

بولغاندا بىز بۈگۈن مانا جەم
يۈزۈمنى مەن بۇرىدىم تامغا
ئەتىرگۈل سەت بولامدۇ شۇنداق
غۇبارسىز گۈل؟ تاشمىكىن ۋەيا؟

نېچۈن ساڭا، رەزىل دەقىقە
كىرىۋالدى بىهاجەت تىترەك؟

كېلىشلىرىڭ كەلمەسلىك ئۈچۈن
كېتىشلىرىڭ ئەسلەشتىن دېرەك.

قۇچاقلاشتۇق تەبەسسۇم بىلەن
تاپالمىدۇق ئوخشاش ئاختۇرۇپ
ئىككى تامچە سۈپسۈزۈك سۇدەك
ھېچ ئەرزىمەس پەرقىمىز تۇرۇپ.

**ھىمالايانىڭا چىقماي تۇرۇپ...**

ھىمالايا تاغلىرىدۇر بۇ،
ئايغا قاراپ ئۇچماقتا تاغلار.
توساتتىنلا يىرتىق ھاۋادا،
توختاپ قالدى قاناتلىق چاغلار.
بۇلۇت سىيپار تاقىر دالانى،
نەرىلەر ھېچ قۇچمىدى زەپەر.
ئەكس سادا — ئاقۇچ سۈكۈنات
بۇ يەر جىمجىت - جىمجىت شۇ قەدەر.
ئەي قار ئادەم، چارشەنبە بار ئاستىڭدا،
ئۇنداق ھەرپ، بولكىلار يەنە
ئىككى قوشۇلغان ئىككى تەڭ تۆتكە
ئېرىمەكتە قار - مۇزلار.
بار ئۇ يەردە قىپقىزىل ئالما
سويۇلغان ئۇ چار مىخ شەكلىدە.

ئەي قار ئادەم، تۇغۇلمىغان بىز
پەقەت گۇناھ ئۆتكۈزمەك ئۈچۈن.
ئەي قار ئادەم، ئېتىقادلارنىڭ

يوقالمىقى بىھاجەت پۈتۈن.
بىز مىراسخور بولدۇق ئۈمىدكە
ھەم ئۈنتۈلۈپ كەتكەن تالانتقا.
كۆرۈپ تۇردۇڭ خارابىلەردە،
قانداق پەرۋىش قىلدۇق ئەۋلادقا.

ئەي قار ئادەم، بىزدە شېكىسپىر،
چالدۇق كىچىك ئىسكىرىپكىنى،
ئەي قار ئادەم، چۈشكەندە گۈگۈم
بىز شۇ ھامان ياقتۇق چىراغنى.

بۇ يەر ئەمەس ئاي ياكى زېمىن
بۇندا مۇزلار كۆز يېشى ھەتتا
ئۆردۆم ئارا تۇرغان قار ئادەم
تۇرۇپ قالغىن، كەلگىن بۇياققا.

قار ـ مۇزلاردىن پۈتكەن تام ئىچرە
قار ئادەمنى تۇۋلاۋاتىمەن.
ئەجەب ئەمەس ئىللىپ قالسا پۈت،
كۈلتۈك قاردا تېپچەكلەۋاتىمەن.

## تاسادىپىي كۆرۈشۈش

ھەر ئىككىمىز قىلىپ كەتتۇق شۇنچە
تەكەللۇپ
ئۇزاق بوپتۇ، كۆرۈشتۇق تەستە
شۇنداق دېيىشتۇق تەكرار ۋە تەكرار.

سۈت ئىچمەكتە يولۋاسلىرىمىز
مېڭىپ يۈرەر يەردە بىزنىڭ بۆركۈتلىرىمىز
تۈنجۈقماقتا سۇدا يۇنۇس بېلىقلىرىمىز
ئوچۇق قەپەس ئىچىدە ئەسنەر بۆرىلىرىمىز

چۈشۈرمەكتە چاقماقلارنى ئۆركۈتۈپ
يىلانلىرىمىز
مايمۇن — ئىلھام، تاۋۇس — پەي
شەپەرەڭ — ئوزاق بولغان ئۇچۇپ
كەتتى چاچلىرىمىزدىن.

سۆھبەتتە بىز سۆكۈتچان
تەبەسسۇملار قۇتقۇزغۇسىز.
خەلقىمىزنىڭ
گەپ - سۆزى يوق ئېيتارغا

(خەنزۇچە «پولشا 20 - ئەسىر شېئىرلىرىدىن» ۋە «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1997 - يىللىق 1 - سانىدىن تەرجىمە قىلىندى؛ «تەڭرىتاغ ژۇرنىلى» 1997 - يىللىق 3 - سانىدىن ئېلىندى.)

# لاۋرېنس شېئىرلىرىدىن



[ئىلاۋە: د. خ. لاۋرېنس (1930 — 1885 D .H. Lawrence) ئەنگلىيە شائىرى ۋە يازغۇچىسى، نوتتىڭخامدىكى بىر كان ئىشچىسىنىڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ھاياتىدا نۇرغۇن دۆلەتلەرنى ساياھەت قىلغان. ئۇنىڭ «ئاق توز» (1911)، «ئوغلى ۋە ئاشىنىسى» (1913)، «ھەسەن - ھۆسەن» (1915)، «قاناتلىق يىلان» (1926)، «چاتىرلى خانىمنىڭ ئاشنىسى» (1928) قاتارلىق نۇرغۇن پىروزا ئەسەرلىرى ناھايىتى مەشھۇر. لاۋرېنس ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ھاياتىدا شېئىر ۋە نەسرلەرنىمۇ يازغان بولۇپ، شېئىرلىرى تەبىئىي ۋە ئەركىن. ]

## جۇۋان

مۇھەببىتىنىڭ ئازابى
يېرىتۋەتتى سەۋر قاچامنى.

مەن كېتىپ بارىمەن ۋەھىمەڭ ئىچرە
ئۆرلىدى قاراڭغۇ تۇرغان يېرىڭدىن
سەن ماڭا تىكىلگەن ئاشۇ دەقىقە
قارا تۈن بالقىدى بىر جۈپ كۆزۈڭدىن.

ئاھ، پەقەت كۆرمىگەن ئىكەنمەن كۈننىڭ —
ئىچىدە سايىنىڭ تۇرغانلىقىنى!

شادلىققا مۇيەسسەر ئېگىز دەرەخلەر
شۇ تاپتا قۇياشقا قىلار كەيىنىنى
قارايدۇ دالانىڭ ئېتەكلىرىدە
يېنىشقان كۆلەڭگە تاپسا ئەيىنىنى.

تۇۋىدە نۇرانە ھەربىر نەرسىنىڭ
زۇلمەتلەر ياتىدۇ كۆككە ئىنتىلىپ.

ئاھ، كۈيگە، ئۇسسۇلغا ئويغاندى ھەۋەس
كۆزۈم قۇتۇلمىدى تېخى زۇلمەتتىن
ئەنە شۇ زۇلمەتنىڭ قاپقارا جىسمى
تۇرىدۇ قەدەھتىن تاشقانچە پەۋەس.

نېمە ئۇ؟ — قۇلاق سال، ھاۋادا شۇ تاپ
مۇجمەل ۋە لېكىن گۈزەل بىر تاشقىن!

گۈللەر قوڭغۇرىقى تەۋرىنىپ تۇرغان
بوز تورغاي زەڭگەر رەڭ چاقنىغان يەردە
گويا سەدەپتىكى تاشقىن ئۈنىدەك
ئۆلۈم دولقۇنلىنىپ قايىنايدۇ يەنە.

مۇھەببىتىڭ ئازابى
يېرىتۋەتتى سەۋر قاچامنى.

## يىلان

ھاۋا تىنچىق، كىيگەنىدىم ئۇخلاش كىيىمى
بىر يىلان ئۆمىلەپ كەلدى يېقىنلاپ
سۇ ئىچكىلى ئوقۇرغا.

بەھەيۋەت ھەم قارا پۇرچاق دەرىخىنىڭ خۇش
پۇراق سايىسىدا
پەشتاقلاردىن چۈشەر ئىدىم كۆتۈرۈپ ئىدىش
تەخىر كېرەك، ئۇ تۇراتتى ئوقۇر ئالدىدا.
چىقتى ئۇ توپا تامنىڭ قاپقاراڭغۇ دەزىدىن
سۆرەپ يۇمشاق قوڭۇر رەڭلىك گەۋدىسىنى
تاش ئوقۇرنىڭ بىر چېتىگە كەلدى ئۆمىلەپ.

سوزۇپ تىللىرىنى ئارام ئالدى تاش ئوقۇرنىڭ ئاستىدا
جۇمەكتىن سۇ تامچىلايدۇ شۇنچە ئېنىق
سۇ ئىچتى ئۇ سىلىقىنە تۇمشۇقى بىلەن
ئۆتۈپ سۇلار ئۇنىڭ راۋان ئېغىزلىرىدىن
شۇڭغۇماقتا ئۇنىڭ ئۇزۇن گەۋدىسى ئارا.

ئۆزگىلەر مەندىن بۇرۇن ئوقۇر يېنىدا
مەن مانا ئىككىنچىسى، كۈتىمەن بۇندا.
سۇ ئىچىۋاتقان كالىدەك قىلىپ
ئۇ ئوقۇردىن كۆتۈردى باش
غىل - پال نەزەر سالدى ماڭا سۇغىرىلغان كالىدەك
تىندى بىر پەس، تىللىرىنى سوزۇپ ۋىلكىدەك

يەردەك قوڭۇر، يەردەك ئالتۇن رەڭلەر بىلەن تاۋلىنىپ
چىقتى يەرنىڭ تېنىدىن سوغۇرۇلغان چوڭ ئۆچەيدەك
ستىسلىيەنىڭ مىزان كۆنلىرىدە ئېتىنا ماگمىسى تۈتىگەندەك.

مەن ئالغان تەربىيەت قىلدى ماڭا مۇراجىئەت:
ئۆلتۈرۈلسۇن ئۇ
چۈنكى ستىسلىيەدە قارا يىلان زەخمەتسىز،
زەھەرلىكتۇر ئالتۇن رەڭ يىلان.

ۋۇجۇدۇمدا خىتاب: ئەر بولساڭ ئەگەر
تۇتۇپ چەيلە، ئۈزۈپ تاشلاپ، قىل ئۇنى ھالاك.

ئىقرارمەن، ئۇنى سۆيىمەن قەۋەت
خۇشالمەنكى، مېھمانسىياق تىنچ كەلدى
ئوقۇرۇمغا سۇ ئىچكىلى
شۇنچە تىنچ قايتتى يەنە تەكەللۇپ بىلەن
كىرىپ كەتتى زېمىنىنىڭ قايناۋاتقان قېنىغا.

ئۆلتۈرمىسەم قورقۇنچاقلىق سانىلامدۇ بۇ؟
نادانلىقمۇ ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشىشقا ئىنتىلسەم؟
شەرەپ بىلسەم كىرەمدۇ ناتىۋانلىققا؟
شەرەپ بىلدىم ئۇنى مەن شۇ دەم.

كەلدى يەنە شۇنداق بىر ئاۋاز:
«قورقمىساڭ ئۇنىڭدىن، ئۆلتۈر ئۇنى!»

راستىنى قورقتۇم، قورقتۇم خېلىلا
شەرەپنى ھېس قىلدىم ئۇنىڭدىنمۇ بەك

چىقىپ زۇلمەت ئىشكىدىن خىلۋەت زېمىنىنىڭ،
چۈنكى، ئۇ ئىزدىدى مېنىڭدىن شەپقەت.
قانغۇدەك ئىچتى ئۇ
مەستلەردەك كۆتۈردى ئەلەستىن بېشىنى
ئويناتتى ۋىلكىسىياق قارا تىلىنى.

لەۋلىرىنى يالىدى گويا
باقتى شۇڭغۇپ ھاۋاغا غايىب ئىلاھتەك
بېشىنى بۇرىدى ئاستاغىنە
ئاستا ـ ئاستا چۈش ئىلكىگە كەتتى كىرىپ
سۆرەپ ئۇزۇن ئەگرى ـ بۈگرى تېنىنى
كامىرىغا ياماشتى تامنىڭ.

شۇڭغۇتتى ئۇ بېشىنى ۋەھىمىلىك كامارغا
سويلار ئۇ پەخەس بىلەن ئىرغىتىپ بەدەن
ۋەھىمە ھەم شىجائەتتە كىرەر سۇرلۇك كامارغا
كىرەر ئۇ، ئالدىرىماي زۇلمەت قوينىغا
ئۆتتى مېنى، لېكىن ئەمدى قارىماس ماڭا.
تىنتىپ ھەرياقنى، قويۇپ ئىدىشىنى
كېلەڭسىز كالتەكنى كۆتۈرۈپ ئېگىز
پالاقشىتىپ ئۇردۇم ئوقۇرغا.

ئويلىدىم ئۇ بولالماس زەربە
بىراق، ئۇ كېلەڭسىز قۇيرۇقىنى
توساتتىن تەۋرەتتى چاقماق كەبى
كىردى قارا غارغا، كىردى كامارغا
مەپتۇن بولۇپ باقتىم غارغا، بۇ چىڭقىچۈشتە.
شۇ زامات پۇشايمان قاپلىدى مېنى

نەقەدەر ۋەھشىي مەن، زەئىپ، ئەرزىمەس؟
يىرگەندىم ئۆزۈمدىن، ئىنسان تەربىيەسىدىن كەلگەن سادادىن
ئويلىدىم ئالباتروس قىسسىسىنى①
ئاھ، يىلىنىم، قايتىپ كەلسە دېدىم ئىنتىزارلىقتا
ئۇ مېنىڭ تۇيغۇمدا بەئەينى سۇلتان
سۇرگۈندە زىندانداا قالغان ئۇ تاجسىز
ئۇ يەنە يېڭى تاج كىيىدۇ، شەكسىز.

مانا بۇ ھاياتنىڭ خاقانى بىلەن
سۆزلىشىش پۇرسىتى ئايلاندى يوققا.
ئۆتكۈزگەن شۇ كىچىك سەۋەنلىك بىلەن
تەھقىقكى تارتىلىپ قالىمەن سوتقا.

## ئۆلۈم رەزىل ئەمەس، ماشىنا رەزىل

پەقەت ئىنسان، سۆيۈش ھەم ماجىرادىن خالىي
ئالغا باسالىدى، ئازماستىن زىنھار
ماڭدى ئۆزلۈكىنىڭ ئوقىنى بويلاپ
گاڭگىراپ قالمىدى، ئاداشماي ماڭدى
دوزاخنىڭ مېھرى ھەق، كۆل رەڭ، بەتبەشىرە
بىغۇبار، ساپ تۇستە تۇردى ئايلىنىپ
دوزاخ مېھرى كۆل رەڭ، كۆرمىگەن دانتى
بىراق، ئۇنىڭ جىسمىدا ئازراق بار ئىدى.

---

① ئەنگلىيە شائىرى كولورىدگېنىڭ «قەدىمكى قولۋاق كۈيى» داستانىدىكى قىسسىسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ قىسسىدە ماتروس بىر بورانقۇشنى ئۆلتۈرگىنى ئۈچۈن يامان ئاقىۋەتكە دۇچار قىلىنىپ جازالىنىشى ھېكايە قىلىنغان.

بىل ئۆزۈڭنى، چۈشەن ئاددىي ئىنسانلىقىڭنى
بىل لېكىن، ئىنكار قىل ئاددىيلىقىڭنى:
مۇجەسسىمى سۆيۈش بىلەن ماجىرانىڭ
تۇتۇشۇپ ئوت ئالغان يامغۇرنىڭ ئوقى
توۋلاۋاتقان قان تۈۋرۈكى

تىكەنلىك ھەم مىس رەڭ ئەتىرگۈل شېخى
ھۆكۈم بىلەن ئىنكارنىڭ ئارىلاشمىسى
مۇھەببەت ھەم نەپرەتنىڭ ھەسەن - ھۈسەنى
كېلىپ - كېتىپ تۇرغان بىر ئوچۇم شامال
گۈزەل جىملىق مەھسۇلى ئېقىن كەبى
توقۇنۇشنىڭ مەھسۇلى شارقىراتمىدەك
بىل ئۆزۈڭنى، ئىنكار قىل بارچە - بارچىنى.

بويلا يىرگىنىچلىك ئۆزلۈك ئوقۇڭنى
كۆل رەڭ داشقاللارنى گاڭگىراپ يۈرگەن
ئاشۇ ماشىنىلارنى قۇرۇق، ئەرزىمەس
شۇ رەزىل دۇنيانىڭ قاپ مەركىزىنى.

## ئۆلۈم قولۋىقى

1

كۈز ئەييامى، تۆكۈلگەن مېۋە
يوقىلىشنىڭ ئۇزاق سەپىرى.
ئالمىلار تۆكۈلۈپ يوغان شەبنەمدەك
زېدە قىپ ئىزدەيدۇ ئۆزىدىن چىقىشقا يوچۇق.

پەيتى بۇ ئۆزى بىلەن خۇشلىنىشنىڭ
ئۆز ـ ئۆزىگە
تۆكۈلگەن ئۆزلۈكىدىن تاپماق ئۈچۈن يول.

2

ئۆلۈم قولۋىقىنى چىقتىڭمۇ ياساپ؟
ياسىغىن، سەن ئاڭا بولىسەن موھتاج.

رەھىمسىز ئورماندا، ئالىملار قويۇق
تورۇكلاپ تۆكۈلەر چويۇندەك يەرگە
ھاۋادا ئۆلۈم ھىدى جەننەت كۈلىدەك
ئاھ، تېخى سەزمىدىڭمۇ ئۇنى پۇراپ؟

بەرباد تەن ئىچىدە ئەندىككەن روھ
تۇگۈلگەن ئەپتىنى كۆردى ئۆزىنىڭ
توسالمىدى تۆشۈكتىن كىرگەن ئۇششۇكنى.

3

خەنجەرنى غىلاپتىن چىقىرىپ بىراۋ
ھايات كۈلپىتىگە كېلەلەمدۇ بەس؟[1]
ئىشلىتىپ شەمشەر، ئوق، ئۇزۇن قىلىچنى
ئادەملەر ئاچىدۇ ھايات يولىنى
ئېيتقىن، بۇ پۇتۇنلەي قىلالامدۇ ھەل
ئادەمنىڭ تۇگىمەس كۈلپەتلىرىنى؟
ياق، قاتىل، ئۆزىنى قەتل قىلغۇچى
قانداقمۇ ئازابتىن قۇتۇلسۇن تۇگەل؟

---

[1] بۇ شېكىسپېرنىڭ «ھاملېت» درامىسىنىڭ ئۈچىنچى پەردىسىگە تەققاسلانغان.

4

سۆزلەيلى بىز بىلگەن جىملىق ھەققىدە
سېزىمىز سۆيۈملۈك، تېرەن جىملىقنى
كەلگەن شۇ تىنچ ھەم مەزمۇت قەلبتىن.
قادىرمۇ تېپىشقا بىز كۈلپەتكە ئامال؟

5

ئۆلۈم قولۋقىڭنى ياسا ھەم ئاتلان
يوقىلىش يولىغا ئاشۇ ئەڭ ئۇزاق.
ھالاك قىل شۇ ئۇزۇن دەردلىك ئۆلۈمنى،
تاپقۇچە كۆزلىگەن يېڭى ئۆزۈڭنى.

تېنىمىز تۆكۈلدى، يارىدۇر ـ يارا
دەھشەتلىك يارىنىڭ تۆشۈكلىرىدىن
چىقماقتا روھىمىز تەنىنىڭ سىرتىغا.

قاراڭغۇ، بىپايان ئۆلۈم دېڭىزى
يارا ئېغىزىدىن كىرمەكتە ئېقىپ
بىزنى سەل سۇلىرى قاپلىدى بېسىپ.
ياسىغىن ئۆلۈم ھەم پاناھ قولۋقى
باس ئاڭا ئۇزۇق ھەم تورت بىلەن شاراب
ماڭماقتا يوقىلىش تۈنىگە قاراپ.

6

تەن ئاستا ئۆلمەكتە، قورقۇنچاق روھلار
كەچمەكتە يامىرىسا زۇلمەت كەلكۈنى.

ئۆلمەكتىمىز، ئۆلمەكتىمىز ھەممىمىز مانا
تېنىمىزدىن كۆتۈرۈلگەن ئۆلۈم كەلكۈنى
تۇسالماس ھېچكىم
قاپلار ئۇ دۇنيانىڭ ئىچى ـ تېشىنى.

مانا ئۆلمەكتىمىز، ئاستا ئۆلەر تەن
كۈچىمىز خوشلىشىپ كېتەر بىز بىلەن
يالىڭاچ رەھىمىز تىترەر دىرىلداپ
كەلكۈن ئۈستىدىكى قارا يامغۇردا
ھاياتلىق دەرىخىنىڭ ئاداق شېخىدا.

7

ئۆلمەكتىمىز، ئۆلمەكتىمىز، ئەتكەنلىرىمىز
ئۆلۈم بىلەن ئۆلۈم قولۋىقى
روھنى يۆتكەش ئۈچۈن ئەڭ ئۇزاق يولدا
قولۋاقتا پالاقمۇ، ئوزۇقمۇ تەييار
ھەم كىچىك تەخسىلەر، تۈرلۈك نەرسىلەر
كېرەكتۇر روھ بىلەن ۋىدالىشىشقا.

تېنىمىز ئۆلسە ئۇ خوشلىشىپ ھاياتلىق بىلەن
قولۋاقمۇ سەپەرگە چىقىدۇ تەققاس
چۈرۈك مەردلىك قولۋىقىدا بارار چۈرۈك روھ
بار ئۇندا ئوزۇقلار ھەم كىچىك قازان
ئېتىقاد كىيىمنى يەڭگۈشلەيدىغان پاناھ
قاپقارا دولقۇنلۇق توپان ئۈستىدە
ئۆلۈم دېڭىزىدا
يوقلىش دېڭىزىدا

بىز يەنە ئوخشاشلا كېتىپ بارىمىز
چۈنكى، يوق قولدا رول، يوقتۇر پىرىستان
يوق ئۇندا پىرىستان يوقتۇر ھەم نىشان
بار پەقەت زۇلمەتلا قويۇلۇپ تۇرغان
سۈكۈنات شىلدىلىسىنى بېسىپ كەتكەن
زۇلمەت بىلەن بىر تەن شاۋقۇنسىز توپان
ھەممە ياق پۈتۈنلەي زۇلمەت بىگۇمان
چۈنكى، يوق ئۇ يەردە ھېچقانداق نىشان
قولۋاقمۇ شۇ يەردە، روھلار ئۈزىغان
كۆرۈنمەس، چېلىقماس ھەرنە كۆزىگە.
ئۇ نىكەم كەتكەنگە، كەتتى ئۇ ئۈزاپ
ناگىھان بىر جايدا بارار ئۇ شۇ تاپ.

8

ھەممىسى ئۈزىدى، ئۈزىدى تەنمۇ
پۈتۈنلەي ئۈزىدى، كەتتى تەلتۆكۈس
ئۈستىدە، ئاستىدا قويۇقتۇر زۇلمەت
ئارىسىدا ئىككى زۇلمەتنىڭ
كەتتى قولۋاق، كەتتى روھ ئۈزاپ.
مانا بۇ ئاخىرەت، مانا بۇ تۈگەش.

9

مەڭگۈلۈك قويىنىدىن نازۇك بىر يىپ
چىقماقتا سوزۇلۇپ زۇلمەت ئىچىدە
سۇ بىلەن بىرتۇتاش ئۇيۇق سىزىقى
تاتىرىپ ئۆرلەيدۇ زۇلمەت ئۈستىدە.

خىيالمۇ بۇ ياكى سۆزۈلۈش
يۇكسەلگەن بىر ئاز؟
كۈتەيلى، كۈتەيلى، يېتىپ كەلدى تاڭ
كىشىلىك ھاياتقا ياۋۇز بىر سەھەر
قايتماقتا غايىبلىق ئېتەكلىرىدىن.

كۈتەيلى، كۈتەيلى، سىلجىيار قولۋاق
ئاستىدا ئۆلۈك كۈل رەڭ توپاندەك تاڭنىڭ.
كۈتەيلى، كۈتەيلى، بولسىمۇ شۇنداق
سوۋۇغان، سۆزۈلگەن، سارغۇچ، غەيۇر روھ
بىخلىدى، كۆكلىدى ئەترگۈل بىخى.
ئەترگۈل بىخلىدى، باشلاندى بارى.

10

توپان تىنچىپ، تېنىمىز كونا سەدەپتەك
غەلەت تۇستە، سۆيۈملۈك چىقتى لەيلەپ
قايتتى قولۋاق، ئاستا ـ ئاستا بولدى غايىب
چۇرۇك روھمۇ ئۆز ئۆيىگە قايتتى دەۋرەپ
قورال قىلىپ تىنچلىق ھەمراھ قەلبنى.
يوقىلىش جىملىقىدىن تىرىلگەن يۈرەك
تېپچەكلىدى جۇش ئۇرۇپ يەنە.

ئۆلۈم قولۋىقىڭنى ياسىغىن، ياسا!
سەۋەبكى، سەن موھتاج بولىسەن ئاڭا
يوقىلىش سەپىرى ساقلايدۇ ساڭا.

(ئىنگلىزچە «د. ھ. لاۋرېنس شېئىرلىرى»ناملىق كىتابتىن تەرجىمە قىلىندى؛ «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 1997 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىن ئېلىندى.)

# ئاللېن گىنسبېرگ شېئىرلىرىدىن



[ئىلاۋە: ئاللېن گىنسبېرگ (1997 — 1926 Irwin Allen Ginsberg) ئامېرىكىلىق يەھۇدىي شائىر بولۇپ، بىر مەزگىل ناھايىتى تەسىر قوزغىغان «كاردىن چىققان بىر ئەۋلاد» ھەرىكىتىنىڭ باشلامچىسى، ئۇنىڭ «ھۇۋلاش»، «كادىش ۋە باشقا شېئىرلار»، «بەربات بولغان ئامېرىكا» قاتارلىق ۋەكىل خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرى بار.]

## كۆز يېشى

تېخىچىلا يىغلاۋاتىمەن.
ستىل ۋابۇل سارىيىدىن چىقىپ، يول بويى يىغلاپ ماڭدىم.
باخنى[1] ئاڭلىغاندا يىغلىدىم.
ئارقا هويلىدىكى بەخت گۈلىگە تىكىلىپ قارىغىنىمدا يىغلىدىم، قىران دەرەخلەرنىڭ ھەسرەت چەككىنىنى كۆرگىنىمدە يىغلىدىم.
بەخت مەۋجۇت بولغاچقا، مەن ئۇنى ھېس قىلالىدىم.
ئۆزۈمنىڭ روھى ئۈچۈن يىغلىدىم، دۇنيانىڭ روھى ئۈچۈن يىغلىدىم.

① باخ (1710 — 1784) گېرمانىيە مۇزىكانتى.

بۇ دۇنيادا بىر گۈزەل روھ بار.

تەڭرى پەيدا بولغان چېغىدىلا، ئۆزىنى كىشىلەرگە كۆرسەتتى، كىشىلەرنى ئۆزى ئۈچۈن يىغلاتتى. پېتىرسون قەلبى مەۋج ئۇر-ماقتا.

(ئاپتورنىڭ خەنزۇچە «كادىشۇر — ئانامغا مەرسىيە» ناملىق نەسرىي شېئىرلار توپلىمىدىن تەرجىمە قىلىندى؛ «دۇنيا ئەدەبىيا-تى» ژۇرنىلىنىڭ 1991 - يىللىق 4 - سانىدىن ئېلىندى.)

## بېيجىڭ ئىلھامى[1]

### (نەسرىي شېئىر)

مەن شېئىر يازىمەن، چۈنكى، ئىنگلىزچىدىكى «ئىلھام» دېگەن سۆز لاتىن تىلىدىكى «نەپەس» دېگەن سۆزدىن كەلگەن. مەن ئەركىن - ئازادە نەپەس ئېلىشقا خۇشتارمەن.

مەن شېئىر يازىمەن. چۈنكى، ۋالت ۋىتمان مېنىڭ پۈتكۈل دۇنيا بىلەن سۆزلىشىشىمگە ئىجازەت بەرگەن.

مەن شېئىر يازىمەن. چۈنكى، ۋىتمان ئۇزۇن مىسرالىق شې-ئىرنى ئىجاد قىلىپ، راۋان نەپەس ئۈچۈن قولايلىق ياراتقان.

مەن شېئىر يازىمەن، چۈنكى، ئېزرا پوند[2] پىل چىشى مۇنا-رىدا ياشىغان، بەيگىلەردە ھەمىشە خاتا دوغا چىققان بولسىمۇ، بار-لىق شائىرلارنىڭ يەرلىك تىلدا شېئىر يېزىشىغا يول قويغان.

مەن شېئىر يازىمەن، چۈنكى، ئېزرا پوند غەربنىڭ ياش شا-

---

① ئاپتورنىڭ بۇ ئەسىرى 1984 - يىلى 10 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن جۇڭگو - ئامېرىكا ياز-غۇچىلىرىنىڭ ئۇچرىشىش مۇراسىمىدا ئوقۇلغان.

② ئېزرا پوند (1985 — 1972) ئامېرىكا شائىرى.

ئىرلىرىغا جۇڭگونىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىڭلار، رەسىمدىن سۆز چىقىرىڭلار، دېگەن.

مەن شېئىر يازىمەن، چۈنكى، ۋ. ك. ۋىلىيامس[1] لورىت فورت[2] تا تۇرغان. ئۇ يېڭى جېرسېي ئىشتاتىنىڭ مەنزىرىسىنى يازغان.

مەن شېئىر يازىمەن، چۈنكى، دادام شائىر ئىدى. ئانام رۇسىيەدىن كەلگەن چېغىدا كوممۇنىست ئىدى. كېيىن ئانام ئىنسۇلىن سالاڭلار دوختۇرخانىسىدا ئۆلۈپ كەتتى.

مەن شېئىر يازىمەن، چۈنكى ياش دوستۇم كاررى سىنودېر[3] مېڭەمنى تەكشۈرۈشۈمگە ياردەم بەردى ھەمدە مېنىڭ ئىدىيەمنى خۇددى مەجلىسخانىدىكى ئۇستەلدە ھادىسىلەر دۇنياسىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى، دەپ بىلدى.

مەن شېئىر يازىمەن، چۈنكى، مەن ئازاب چەككەن، تۇغۇلۇپلا ھامىنى ئۆلىدىغانلىقىمنى بىلگەن. مەندە بۆرەك تېشى، يۇقىرى قان بېسىمى كېسىلى بار. مەن ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق دەردى بارلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەنمەن.

مەن شېئىر يازىمەن، چۈنكى، ئازابلىرىم بىر دۆۋە سىر، باشقىلارنىڭ نېمىلەرنى ئويلايدىغانلىقى ماڭا قاراڭغۇ.

مەن شېئىر يازىمەن، چۈنكى، مەن ئۆزۈمنى ئىپادىلىيەلەيمەن، ئۆزۈمدىكى ۋە باشقىلاردىكى خىيالپەرەسلىك كېسىلىنى داۋالايمەن.

مەن شېئىر يازىمەن، چۈنكى، مېڭەم جىنس سىياسەتلىرى ۋە بۇددالارنىڭ سەرخۇش خىياللىرىدىكى شۇبھىلەرنى ئايرىلاپ يۇرىدۇ.

مەن شېئىر يازىمەن، چۈنكى، مېڭەمدە توغرا كارتىنا ئايرىدە قىلالايمەن.

مەن شېئىر يازىمەن، چۈنكى، مەن بۇدساتۋانىڭ: ئالەمدىكى ئازاد قىلىنىۋېتىشكە تېگىشلىك ئىدراك ياراتقۇچىلارنى ساناپ تۇ-

---

① ۋ. ك ۋىلىيامس (1985 ــ 1963) ئامېرىكا شائىرى.

② لورت. فورت ئاپتورنىڭ يۇرتى.

③ سنودېر ــ ئاپتورغا زاماندىش ئامېرىكا شائىرى.

گەتكىلى بولمايدۇ؛ ئاچ كۆزلۈك، غەزەپ ۋە قالاقلىقنىڭ چېكى يوق؛ ھېس - تۇيغۇ چەكسىزدۇر، ئەمما، ئادەمنىڭ كاللىسى ھەممىنى ئويلاپ يېتەلەيدۇ، دېگەن تۆت بۈيۈك سۆزگە ئەمەل قىلىمەن.

مەن شېئىر يازىمەن، چۈنكى، بۈگۈن ئەتىگەن ئۇيقۇمدىن ئويغىنىپ، قورققىنىمدىن جۇڭگودا نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدىم.

مەن شېئىر يازىمەن، چۈنكى، رۇسىيە شائىرى ماياكوۋسكى بىلەن يېسېنىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان. شۇڭا، باشقىلارنىڭ سۆزلىشىگە توغرا كەلدى.

مەن شېئىر يازىمەن، چۈنكى، ياش ۋاقتىمدا، دادام ئەنگلىيەلىك بۈيۈك شائىر شېللى بىلەن ئامېرىكىلىق بۈيۈك شائىر ۋاچىل رېساينىڭ شېئىرلىرىنى ئۈنلۈك دېكلاماتسىيە قىلاتتى، مەن ئۇ شېئىرلارنى ئاڭلىغاندا، بوران ۋە نەپەس ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولاتتىم. قاتتىق ھاياجانلىنىپ كېتەتتىم.

مەن شېئىر يازىمەن، چۈنكى، ئامېرىكىدا جىنسىي مەسىلىلەرگە ئائىت ئەسەرلەرنى تەكشۈرۈش تۈزۈمى بار.

مەن شېئىر يازىمەن، چۈنكى، غەرب ۋە شەرقنىڭ مىليونېرلىرى ئېسىل - ئېسىل پىكاپلاردا ئولتۇرىدۇ. ئەمما، كەمبەغەللەرنىڭ چىشىنى زاماسكىلاشقىمۇ پۇلى يوق.

مەن شېئىر يازىمەن، چۈنكى، كۆندىلىك مەسئۇلىيىتىمگە قارىتا دوگمانتىزملىق تۇيغۇدا ئەمەسمەن.

مەن شېئىر يازىمەن، چۈنكى، مەن تەنھالىقنى خالايمەن ھەم باشقىلار بىلەن پاراڭلىشىشنى ئويلايمەن.

مەن شېئىر يازىمەن، چۈنكى، ۋىتمان بىلەن سۆھبەتلىشىشنى، ئون نەچچە ياشلىق بالىلار ۋە ھازىر نېۋاركتا تۇرۇۋاتقان ئاكا - ھەدىلەر بىلەن پاراڭلىشىشنى ئىستەيمەن.

مەن شېئىر يازىمەن، چۈنكى، مەن 1939 - يىلى رادىيودىن

بىروس، رىدبور ۋە م. رېنى قاتارلىق نېگىرلار توغرىسىدا ئاڭلىغانمەن.

مەن شېئىر يازىمەن، چۈنكى، مەن ئالدىقاچان قېرىپ كەتكەن شېپىس ياشلىرىنىڭ خۇشال - خۇرام ناخشىسىدىن ئىلھام ئالغان.

مەن شېئىر يازىمەن، چۈنكى، جۇاڭزى ئۆزىنىڭ كېپىنەك يا- كى ئادەم ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمىگەن، لاۋزى سۇ ئېگىزدىن پەسكە ئاقىدۇ، دېگەن. كۇڭزى قېرىلارنى ھۆرمەت قىلىڭلار، دې- گەن. مەن ۋېتماننى ھۆرمەتلەيمەن.

مەن شېئىر يازىمەن، چۈنكى، قوي - كاللارنىڭ ھەددىدىن زىيادە كۆپىيىپ كېتىشى موڭغۇلىيەدىن چوڭ غەربىي شىمالغىچە بولغان يايلاقنىڭ ئوت - چۆپلىرىنى تۈگىتىۋەتكەن، تۇپراقنىڭ يېمىرىلىشىدىن قۇملۇق پەيدا بولغان.

مەن شېئىر يازىمەن، چۈنكى، مەن ھايۋان تېرىسىدىن تىكىل- گەن ئاياغنى كىيىمەن.

مەن شېئىر يازىمەن، چۈنكى، ھامان «باشتا شەكىللەنگەن ئى- دىيە ئەڭ ياخشى ئىدىيە» بولۇپ چىقىدۇ.

مەن شېئىر يازىمەن، چۈنكى، نەرسىلەرنىڭ ئۆزىدە بار بولغان پىكىردىن تاشقىرى ئەقىلگە سىغمىدىغان پىكىرنىڭ بولۇشى مۇم- كىن ئەمەس. بۇ ھەقتە ۋىلىيامسىنىڭ: «شەيئىلەردە بېشارەت باركى، پىكىر يوق» دېگەن ھېكمەتلىك بىر سۆزى بار.

مەن شېئىر يازىمەن، چۈنكى، تىبەتلىك لاما گۇلۇ: «شەيئىلەر ئۆزىگە ئۆزى سىمۋول بولىدۇ» دېگەن.

مەن شېئىر يازىمەن، چۈنكى، گېزىتلەردىن سامانيولى سىس- تېمىسىنىڭ مەركىزىدە قارا ئۆڭكۈر بار، دەپ ئوقۇغانمەن. بىز ئۇ- نى ئەركىن - ئازادە كۆزىتەلەيمىز.

مەن شېئىر يازىمەن، چۈنكى، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى، ئىك- كىنچى دۇنيا ئۇرۇشى، ئاتوم بومبىسى ۋە بىز خالىساقلا پارتلايدۇ.

غان ئۇچىنچى دۇنيا ئۇرۇشى قاتارلىقلارنىڭ ماڭا كېرىكى يوق.

مەن شېئىر يازىمەن، چۇنكى، ئېلان قىلدۇرۇش خىيالىمدىمۇ بولمىغان تۇنجى شېئىرىم — «ھۇۋلاش» ساقچىلارنىڭ تەكشۇرۇشگە تۇتۇلدى.

مەن شېئىر يازىمەن، چۇنكى، مېنىڭ ئىككىنچى داستانىم — «كادشۇر» ئانامغا بېغىشلانغان، گەرچە ئۇ روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىدا ئۆلگەن بولسىمۇ.

مەن شېئىر يازىمەن، چۇنكى، گىتلېر ئالتە مىليون يەھۇدىينىڭ جېنىغا زامان بولغان، مەن يەھۇدىيمەن.

مەن شېئىر يازىمەن، چۇنكى، موسكۋادا ئىستالىننىڭ 20 مىليون يەھۇدي زىيالىينى سىبىرىيەگە سۇرگۇن قىلغانلىقىنى ئاڭلىغانمەن. بۇلاردىن 15 مىليون كىشى پېتربورگقا قايتىپ كەلمىگەن.

مەن شېئىر يازىمەن، چۇنكى، يالغۇز چاغلىرىمدا ناخشا ئېيتىشنى ياخشى كۆرىمەن.

مەن شېئىر يازىمەن، چۇنكى، ۋېتمان: «ئۆز - ئۆزۇمگە زىتمۇمەن؟! قالتىس بەلەن! ئۆز - ئۆزۇمگە زىتتۇرمەن، مەن شۇنداق زور مەن. ھەتتا بارلىق ئاۋامنى ئۆز قوينۇمغا سىغدۇردۇم» دېگەن.

مەن شېئىر يازىمەن، چۇنكى، مېڭەم ئۆز - ئۆزىگە زىت. ئۇ گاھ نيۇ يوركتا يۇرسە، گاھ ئالپىس تاغلىرىدا يۇرىدۇ.

مەن شېئىر يازىمەن، چۇنكى، مېڭەمدە سان - ساناقسىز پىكىرلەر — ئوچۇقىنى ئېيتىسام، تۇمەن خىل پىكىرلەر يوشۇرۇنۇپ ياتىدۇ.

مەن شېئىر يازىمەن، چۇنكى، بۇنىڭ سەۋەبى مەۋجۇت ئەمەس، شۇنداقلا نەتىجىسىمۇ ھەم.

مەن شېئىر يازىمەن، چۇنكى، شېئىر يېزىش — ئالتە مىنۇت ئىچىدە ياكى بىر ئۆمۇر ئىچىدە چوڭ مېڭىدىكى جىمىكى شەيئى-

لەرنى بايان قىلىشنىڭ ئەڭ ئەپلىك چارىسى.

1984 ـ يىلى ئۆكتەبىر

(ئاپتورنىڭ خەنزۇچە «كادشۇر ــ ئانامغا مەرسىيە» ناملىق نەسرىي شېئىرلار توپلىمىدىن تەرجىمە قىلىندى؛ «شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» 1996 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىدىكى سانىدىن ئېلىندى.)

# شۋېتسىيە ھازىرقى زامان شېئىرلىرىدىن

[ئىلاۋە: كىشىلەر شۋېتسىيەنى شېئىرىيەت يۇرتى دەپ قارىشىدۇ، جاھان ئەدەبىياتى ئۇچۇن كاتتا زىلزىلە بولمىش نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى ھەر يىلى مۇشۇ ئەلدە تارقىتىلىدۇ. ھېيدىنىستام (1859 – 1940)، مارتىنسون (1904 – 1978) قاتارلىق نوبېل ئەدەبىيات ساھىبلىرىنى يېتىشتۈرگەن بۇ ئەل ئەسىر ئاخىرىدا شېئىرىيەت رەپتارىنى زامانىۋى يۈكسەكلىك، ئىجادىي ئۇسلۇب بىلەن ئۆزگىچە خاس رەۋىشتە كۆرسىتىپ كەلمەكتە.

شۋېتسىيە چاغداش ياش شائىرلىرى بۇرۇنقى شان - شەرىپى ئىچىدە بوغۇلۇپ يۈرمەستىن، ھاياتنىڭ ئەڭ پىنھان چېقىنلىرىنى ئۆز دەۋرىگە يارىشا روھىي ھالەتنىڭ نامايەندىسىگە ئايلاندۇرغان. كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئۇلار بەدىئىي تىلنى جانلىق نەرسە سۈپىتىدە چۈشىنىپ، كىشىلەر ئادەتلىنىپ كەتكەن مەنىلەرنى يېڭىچە قۇرۇلما ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ، تىلنىڭ ئېچىلمىغان ساھەلىرىگە يۈرۈش قىلغاندەك تۇراتتى. بۇ شائىرلار ئۆزى سۆزلىمەستىن، تىلنىڭ ئۆزىنى سۆزلەتكەن. ئۇلار گويا «تىل رېئالىزمى» دېگەن بىر ئېقىمنى باشلىغاندەك تۇراتتى.

كىشىلەرنىڭ ساپاسىدا پەۋقۇلئاددە يېقىنلىق بەرپا قىلغان بۇ ئەلدە، شېئىرىيەت رېئاللىق ئۈستىدە ئەمەس، ماھىيەتتىن گەپ ئاچىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ شائىرنىڭ خاسلىقىدىكى ماھىيەت. بۇلارنى تونۇشتۇرۇش دۇنيانى چۈشىنىشنى خالايدىغان كىتابخانلىرىمىز ئۈچۈن كۆرسىتىلگەن يورۇق ئۈپۈق. ]

# ياكس ۋىروپ شېئىرلىرىدىن

[ئىلاۋە: ياكس ۋىروپ شائىر ھەم يازغۇچى، 1945 ـ يىلى تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئىجادىيىتى فىرانسۇز ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇپ، كۈندىلىك ھاياتتىكى ئىشلارنى چوڭقۇر پەلسەپىۋى قاراشلار بىلەن سىڭدۈرۈپ ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭ «ئوستىراندا تۇغۇلغان 48 شېئىر» (1985)، «ئىشىكتىن تىلسىمغا (1985)» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. ]

## ئىشىك

ئۆلۈمگە بۇيرۇلغان ئادەم ئۇچۇن ئىشىك ياپتىڭ ھەم ئاچتىڭ. تۇرمىدىن چىققان ئادەم ئۇچۇن ئىشىك ياپتىڭ ھەم ئاچتىڭ. كىرگەندە بىر ئادەم ئىدىڭ، چىققاندىمۇ بىر ئادەم. ئىشىك سېنى ئۆزگەرتمىۋەتتى. بىر لەھزىدە ئىشىكتىن ئۆتتۇڭ. 4 — 5 سانتىمېتىر قېلىنلىق سوراقخانا بىلەن ياز مەنزىرىسىنى ئايرىۋەتتى. ئىشىكنىڭ ئىچى ۋە تېشى قارىمۇقارشى بىر جۈپ باتۇرنى ئەسلەتتى: ھايات ۋە مامات، ئۇلار ھاياتىمىزنىڭ ئاددىي ھەم قارىمۇقارشى سىمۋوللىرىدا يۇغۇرۇلۇپ كەتتى. تىراگېدىيە بىلەن كومېدىيە چۈشىنىكسىز ھالدا بىر تەندە بىرلەشكەن، ئىشىك ھەرقانداق ئىككى يۈزلىمە نەرسىگە قارىغاندا ئالاھىدە: لىلا، ھەقىقەتچى — گويا ئۇچىنچى شەخس، ئوبيېكتىپ نەرسە. ئىشىك سېنى بىر دەقىقىدە ئاچتۇرىدۇ، ياپقۇزىدۇ، بويىتىدۇ، ئۇرغۇزىدۇ، ھەتتا ئاتقۇزىدۇ. بۇ بىر نۇقتا ئۇنىڭ ئۇچۇن ناھايىتى مۇھىم. ئۇ بولسىمۇ ئىككى يۈزلىمىلىكنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىش. بۇ نۇقتىنى كەم

ئۆزگەرتسە، ئىشىك ئۆزىنىڭ خىسلىتىدىن تېنىۋالىدۇ، ناشۇكۇرلۇككە كىرىپ مەخپىيىتىنى ئاشكارىلايدۇ.

## مۇھەببەت

داتلىشىپ كەتكەن مىخنى سۆيۈشكە كىمنىڭ ۋاقتى بولسۇن!
كونا ۋېلىسىپىت كامېرىنىڭ ئاشۇ مىخقا قانداق ئىللىقلىق بىلەن
ئېسىلىپ تۇرغانلىقىنى كىممۇ ئويلىسۇن — يىللار، ئايلار —
ئامبارنىڭ زىنهار يورۇپ باقمىغان بۇلۇڭىدا؟

## سەرەڭگە

ئالىقانلار شامالدىكى ئۇچقۇنغا پاسىبان. تومتۇۋاق، بەرجەس، بىخەتەر قوللار زۇلمەتتىكى پانۇسقا ئوخشايتتى. شۇلار بولغاچقا بالىلاردەك سۆيدۇققۇ؟ ئۇلار قوتاندىكى جىنچىراغدەك يانمىدىمۇ؟ ئۇلار گىرىمخاندىكى ئىللىقلىق، تىنچ ئاۋاز، ئوغۇت ۋە چېتىق ياغاچنىڭ خۇش پۇرىقى، تاتلىق ئۇيقۇ، قارايغان بىلەك، سەھەر پىشقان نان كەبى ئەمەسمۇ؟ ياكى باشقا سېزىلمىگەن نەرسىلەر. ئۇشتۇمتۇت يورۇغان كېلەچەك چۈشىنىڭ قالدۇقى؟ قانداقلا بولمىسۇن، بۇ تومتۇۋاق قول — فېۋرال كېچىسىدىكى سەرەڭگە نۇر چاچقان چاغلار — ئەسلەش ھەم ئەمىنلىك مېنى تولدۇردى. تەرجىمە قىلىنىشنى كۈتىدۇ ئۇلار. يېڭى بىر تەكرارلاشقا. ئاساۋ پىكىر. ساقلىغىلى بولىدىغان تارىخ. ھەتتا بالىغا. مودا ۋە ئەپسانىلەردىن تاشقىرى ۋارىسلىق قىلىنغان نەرسىلەر.

(«شىنجاڭ باج ئىشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2001 - يىللىق 4 - سانىدىن ئېلىندى.)

# بىرونو ئويېر شېئىرلىرىدىن

[ئىلاۋە: بىرونو ئويېر 1951 ـ يىلى تۇغۇلغان. ئۇنىڭ شې-ئىرلىرى ئامېرىكا ئەدەبىياتىدىكى «كاردىن چىققان بىر ئەۋلاد» ۋە ھالقىما رېئالىزم ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇپ، شەخ-ۋېتسىيە شېئىرىيەت ئەنئەنىسىگە خاس بولغان «ئۇقۇمنى ئاناللىز قىلىش» خاھىشى كەم. ئۇنىڭ شېئىرلىرى غەزەپ ـ نەپرەت ۋە يا-ۋۇزلۇق بىلەن تولغان. ئەمما نازاكەتلىك مىسرالارمۇ ئۇچراپ تۇر-دۇ. ئۇنىڭ «دار»، «غايىب بولغان سۆز» (1996) قاتارلىق توپلاملى-رى بار.]

## قول

سالدىم قۇلاق
جىمجىت قاقشال بىنالارغا
ئاڭلىدىم سىلىشىنى گۇگۇم قولىنىڭ
سەزدىم بوينۇمغا ئاسقانلىرىنى
يوقلۇقۇڭنى
ئايان قىلدى، ئۆتتى جېنىمدىن
موھتاجمەن ئاڭا
نەشىكەشلەر نەشىكەشلەرگە سېزىك
ئادەملەر ھاۋاغا سېزىك بولغاندەك
بىر ئاخشام پىكىر
ئورنىۋالدى ئارىمىزدىكى ئىشلارنى
پەيدا قىلدى
بىر دوزاخنى ئەرۋاھتەك ئۇنسىز.

چېچەكلىدى دوزاخ، كۆردى ھەممىنى
ئېسىدە تەۋرىنىشى، ئايرىلىشى
ئېسىدە ئۇلارنىڭ
كالپۇكلارنىڭ ئۆزگىرىشى
بىر - بىرىگە چۇشۇۋاتقان
ئاشىقلار يامغۇرى

## ئايال

كۆڭلەك
ئۆتكۈزۈلدى ئۆزگە ئەسىرگە
ئويلىدى ئۇ كۆڭلەك ھىدىنى
نېچۇن شۇنچە غۇبارسىز، يارقىن
ئۆيلەر سۈپۈرۈلگەن
ئاخشامقى مەزلۇملارغا تولغان
ھەممە نەرسە جىم
كۆتۈرۈلدى ئۇ قوللار بىلەن
ئەكىرىلدى نەمخۇش چىمەنگە
ھىلال ئايغا قىلىنندى تەزىم
تاشلاندى
ئاق ئورغاق بىلەن

## سېپىل

خەندەككە تىندۇرۇلغان
ئاسما كۆۋرۈك يىغىۋېتىلگەن

هاياتلىقنى سىرتقا قامىغان
ئاۋاز
زوراۋانلىق
ئۆيۈل قەھرىتان
سىڭەر كۆز بويلاپ
ئانىلارنىڭ جەسۇر نىگاھى
يامار سەكپارە باللار تېنىدە

## دۇنيا

دۇنيا
قالدۇق مال
يەردىكى ئىز
ۋاراقلايدۇ ئۇ
سۇكۇنات چىملىقىغا كىرگەن
يىرتىق ۋەرەقىنى
ئۇنىڭ جىسمىدىن
ساقىپ چىقتى ئات تۇيىقىنىڭ سۇس ئاۋازى
ئۇلار ئۇنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلغاندا، ئۇ
ئات ئۇستىدە بولۇپ قالدى كىچىك ئويۇنچۇق
قىڭغايغان

## ئۆلۈك

ئۆلگەن ئادەم
ئەسلىيەلمەس ھاياتنى ئۆزىنىڭ

نېچۈن ئۆزى
تېپىپ كەتتى يولىدىن
قانداق كىردى قار ئۇچقۇنى
ئوچۇمىغا ئۇنىڭ
يوقالدى بارى
شەھەرلەر يوقالدى
ئەبەدىي ئۆچتى كوچا چىرىغى
باغچىدىكى فونتانلار
ئوقچۇشىنى توختاتتى بىردىن
قەھۋەخانىلار
دولقۇنلاردەك كەتتى يۆگىلىپ
تارتىلدى ئارقان
غايىب بولدى ئات هارۋىسى
غايىب
رەستىلەر غايىب بولدى
ئادەملەر غايىب بولدى
غايىب بولدى ھەممىسى
تىرناقلار يىغىلدى، غايىب بولدى
نەھاجەت
كۆڭلۈمدىكى نەرسىلەرنى رەتلەشنىڭ
سۆزلەر ۋە مەنە
تۇپتۈز كەتكەن ئوت يالقۇنى
كۆيەر جىنچىراغ
سىياھ بىلەن، قېرىنداش بىلەن
سۇرۇلمەكتىمەن
قارشىلىق قىلمىدىم
كائىناتنىڭ يىراق يېرىدىن

كۆردۈم قارا ئۈپۈقنىڭ
قوللار سوزۇپ قۇچاقلىشىشىنى
قۇچاقلاپ مەھكەم
ئېلىپ كەتتى

(«شىنجاڭ باج ئىشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2001 - يىللىق 4 - سانىدىن ئېلىندى.)

# ئەن يېدىرلان شېئىرلىرىدىن

[ئىلاۋە: ئەن يېدىرلان شائىرە، 1955 ـ يىلى تۇغۇلغان. ئۇ 1980 ـ يىللاردىكى تەسىرى بار شائىرلاردىن. ئۇ شېئىرىي تىل جەھەتتە دادىل يېڭىلاش ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ جانلىق مىسرالىرى مۇزىكا گۈزەللىكىگە ئىگە. ئۇنىڭ «دالا ئىدى بۇ يەر ئەسلىدە» (1988) قاتارلىق توپلاملىرى بار. ]

## كۆلەڭگە

ئاشۇ كىچە قومۇش نەي
چىقتى قەلبىدىن
چىقتىم، كىردىم، كەلدىم
كەتتىم
بارغىلى يەر تاپالمىغاندەك
ئەتىسى ئاڭلىدىم ئۇخشاش شۇ كۈينى
ئەمما، زەڭگەر

## ناۋا

قولۇڭ ئۆڭكۈر دەپ قىياس قىلىندى
يەنە بىر ئادەم كاللىسىدا
كۆك دەپ پەرەز قىلىنسا، ئۇ يەردە

پارچىلاندى ئۇ
ئايلاندى شورىغا
يەنە بىر پەرەز، ياسالدى
بىر كۆي
ماڭدى قارا ئاختىلىققا
مەزمۇت ئاغزىڭدىكى
ئەمالىقتەك.
ئۇيلاپ باققىن مۇشۇكنى
ئۇيلاپ باققىن مۇشۇكنى

## ئورلان

يېپپ ياپراقلارنى
كىردى نىقتاپ مەركەزگە، مەركەز يوق
ئارىلىقتا سەن
زەئىپ ياپراقلارغا قىستىلىپ كىردىڭ
ئەتىرگۈلسىز. سەن ئەتىرگۈل ئارىسىدا
چۈچۈمەل قورۇقلار
نەيچىسى يوق
سەن شەربەتنى ئېلىپ كەلگەندە
شەربەت يوق
جانابى ئەپەندى

## ئايال گۈل تەشتىكىدەك ئېچىلدى

بىر قەدەھ ئىچتىم قاتتىقلىقىڭدىن
بىغۇبار هاياتلىق ئىمپېرىيەسى

شەربىتىڭنى قۇيدۇم قەدەھكە
كۆكسۈڭدىكى گۈلشەندەك گويا
بىر دالا بار مەززىلىك گۆشتەك
ئۆزگە بىر لەۋ سۇرۇختا تېتىيمەن يۈرىكىڭنى.

(«شىنجاڭ باج ئىشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2001 ـ يىللىق 4 ـ سانىدىن ئېلىندى.)

# شىمالىي ياۋروپا شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن

## دىياگنوز

ئاگرىن [فىنلاندىيە]

ئۇپۇققا
بىر يولۇچى ئاتتى ئۆزىنى.
بەلكى، بىر ئوۋچى
مىڭ تەسلىكتە ئالدى قارىغا،
ئوققا تۇتماق بولۇپ بەختىنى.
دەسسىتىشكە ئۇرۇنار ئۇلار
مەڭگۈلۈك بىر مەۋجۇدىيەتنى.

## ئاڭلا

كارپىلان [فىنلاندىيە]

ئاڭلا،
يوق جىملىقنىڭ ئىچىدە سۈكۈت:
تىرناق تام.

## بۇ يولمۇ، بەلكىم...

نۇرىن [شىۋېتسىيە]

بۇ يولمۇ بەلكىم
تۇتاشمىغان ھېچقانداق جايغا.
لېكىن، بەزىلەر
ئۇ تەرەپتىن كېلەر بۇياققا.

## يىراقنىڭ ئاۋازى كەتتى يىراقلاپ...

ئانفاۋا [فىنلاندىيە]

يىراقنىڭ ئاۋازى كەتتى يىراقلاپ
يېقىن يەر ساداسى كەلدى يېقىنلاپ،
دەرەخ ۋە سۇلارنىڭ ئاراچلىرىدىن
شاماللار پاناھگاھ ئىزدەيدۇ شۇ تاپ.
دولقۇنلار يېيىشماس، ئايرىلماس ھەمدە.
ئورمانلار تېخىمۇ بوپ كەتتى قويۇق.
قاراڭغۇلۇق ۋۇجۇدى بۇ يەرگە بۆسۈپ،
كىرىشەر ھەر ياندىن تېپىشىپ يوچۇق.

## ئېچىرقىغان دېڭىز

لۇگىرى [نورۋېگىيە]

ۋىژىلدىتار ماياكنى شامال.
مایاك تۇندە نۇر چاچار تىنماي.

— ئۈمىد نۇرى چاقنار كۆزلەردە،
دېڭىز لەۋسىز چىشلىرى بىلەن.
يالماپ ئاخىر قانغاندا ئىشتىھا.
جىملىق ئارا توختايدۇ مەۋجى.
تىمتاس جۇدۇن چايكىلىرىنىڭ،
كىرپىستلىرى يالتىرار تاڭدا.
تۆرەلدى شۇ تاڭ
قايغۇسىدىن
هوشيارلىق هەم ئويغىنىشلارنىڭ.
دېڭىزدىكى قاپقارا دولقۇن
قىزنىڭ قارا كۆڭلىكى گويا.
ئاسمان دېڭىز تۇتاشقان يەردە
ياتار پىنهان زۇۋانسىز يۈرەك.

## ئۆلگەن ياشلىق

گىل [نورۋېگىيە]

ئۆلگەن ياشلىق!
يەتتى قوغلاپ چىشى بۇغىغا،
قاراپ تۇرغان ئوۋ ئىتى.
گىگانت بىر ئوۋچى

تۇرۇپ ئۇنىڭ قاراۋۇللۇق ئورنىدا،
جىمجىتقىنا كۆزىتەر شۇ تاپ
ئوۋ ئىتىنىڭ ئىككى قولىنى.

## دېڭىز

ستاناۋىر [ئىسلاندىيە]

بارىمەن ئاستا
قىزىغان قۇمساڭغۇ ساھىلنى بويلاپ،
يوچۇن بىر دېڭىزنىڭ شاۋقۇنى كېلىپ،
قانلىرىم كۆيىگە كەتتىم سىڭىشىپ.
خوشلاشقان چېغىمدا ھەربىر پورتتىن،
دېڭىزنىڭ كۆكسىدە ئۆرلىدى دولقۇن.

دېڭىزنىڭ نامەلۇم چوڭقۇرلۇقىدا،
كۆمدۇم مەن بىلگىنىم، ئىرادەمنى ھەم.
بەلكى، شۇ بىلگىنىم بولمايدۇ تەكرار.
مەن — دېڭىز
ياكى شۇ دېڭىز مەن ئۆزۈم.

(«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 1988 ـ يىللىق 4 ـ سانىدىن ئېلىندى.)

# بىرەخت شېئىرلىرىدىن



[ئىلاۋە: بېرتولد بىرەخت (Berthold Friedrich Brecht,1956 – 1898) گېرمان شائىرى ۋە دراماتورگى، شۇنداقلا 20 ـ ئەسىر غەرب تىياتىرچىلىقىدىكى تەسىرچان ئىسلاھاتچى. ئۇ گېرمانىيەنىڭ باۋارىيە ئوبلاستىنىڭ ئاۋگوسبورگ (Augsborg) شەھىرىدىكى ھاللىق بىر ئائىلىدە تۇغۇلغان، ئالىي مەكتەپتە مېدىتسىنا كەسپىنى ئۆگەنگەن، كېيىن ھەربىي دوختۇرخانىدا ئىشلىگەن. بىرەختنىڭ دراما جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتى «بائال» (1923)نىڭ سەھنىلىشىشى بىلەن باشلانغان. ئۇنىڭ «كېچىدىكى دۇمباق» (1922)، «ساداقەت قوللانمىسى» (1927)، «ماخاگوننى شەھىرىنىڭ گۈللىنىشى ۋە خاراب بولۇشى» (1930)، «ئۈچ پېنىسلىق ئوپېرا» (1928)، «گالىلېي» (1937) قاتارلىق بىر يۈرۈش سەھنە ئەسەرلىرى دراماتورگىيە ساھەسىدىكى يېڭى نەتىجىلەر دەپ قارالغان.

بىرەخت يەنە ئۆزگىچە پۇراق ۋە رەڭدىكى تالانتلىق شائىر. ئۇنىڭ «ئۆي ۋەزلىرى» (1926)، «شېئىر ۋە ناخشىلار» (1934)، «يۈز پارچە شېئىر» (1955) قاتارلىق شېئىر توپلاملىرى نەشر قىلىنغان.

بىرەخت ئۆمرىدە ئۇرۇش ئېلىپ كەلگەن ئاپەت ۋە بەختسىزلىكلەرنى جىق كۆرگەن. گىتلېر تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئۇ ئون بەش يىللىق ھاياتىنى ۋەتەن سىرتىدا سەرسانلىق بىلەن ئۆتـ-

كۆزگەن. شۇڭا، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ئۇرۇش يىللىرىدىكى تۇرمۇشنىڭ كۆل رەڭ كارتىنىلىرى، ئىنسان تەقدىرى، تەبىئەت ۋە گۈزەللىككە بولغان كۈچلۈك مايىللىق، كېلەچەككە ئىنتىلىش ھېسلىرى ئىپادىلەنگەن. ئۇنىڭ دارتىملىق خۇسۇسىيەتكە باي شېئىرلىرىدىن كۈچلۈك دەۋر روھى بىلىنىپ تۇرىدۇ.

بىرەختىنىڭ شېئىرلىرى ئۇسلۇب جەھەتتىن ئەركىن ۋە تەبىئىي بولۇپ، ئىچكى دۇنيا مۇقىم شەكىلگە بېقىنمىغان ھالدا لەرزان ئېقىپ تۇرىدۇ. مەنىۋىيەتنى بىۋاسىتە ئىزھار قىلىش بىرەختىنىڭ بىزنى تارتىدىغان بىر تەرىپى. ]

## 1940

— ماتېماتىكا ئۆگىنەيمۇ؟ — دەپ،
كىچىك ئوغلۇم سورىدى مەندىن.
— نېمىشقا؟ — دەپ سوراپ بولۇپ،
جاۋاب بەرگۈم كەلدى ئىچىمدىن.
— ماتېماتىكا ئۆگەنمىسەڭمۇ،
بىلىسەن جىق ئىككەنلىكىنى
ئىككى نانىنىڭ بىر دانە ناندىن.
— فىرانسۇزچە ئۆگىنەيمۇ؟ — دەپ،
كىچىك ئوغلۇم سورىدى مەندىن.
— نېمىشقا؟ — دەپ سوراپ بولۇپ،
جاۋاب بەرگۈم كەلدى ئىچىمدىن.
— بەربات بولۇۋاتىدۇ ئۇ دۆلەت.
چۈشىنىدۇ ئادەملەر سېنى
مۇجۇپ قورسىقىڭنى، ئاھ ئۇرساڭ بىردىن.
— تارىخ ئۆگىنەيمۇ؟ — دەپ،

كىچىك ئوغلۇم سورىدى مەندىن.
— نېمىشقا؟ — دەپ سوراپ بولۇپ،
جاۋاب بەرگۈم كەلدى ئىچىمدىن.
تېشىشنى ئۆگەنسەڭ بېشىڭدا يەرنى،
قوغدىلىپ قالىدۇ ھاياتىڭ ئاندىن.
دېدىم: ئۆگەن ماتېماتىكىنى
تارىخنى ھەم فىرانسۇزچىنى.

## كۆكسۈڭدىكى تاغلار

كۆكسۈڭدىكى تاغلارنى
تۈزلەپ كېتىشتى.

قەلبىڭ ۋادىسىنى
كۆمۈپ تاشلاشتى.

راۋان يول ئۆتكۈزۈشتى
سېنىڭ ئۈستۈڭدىن.

## زەئىپ

سېنىڭ پەقەت يوق ئىدى
مېنىڭ بىر دانە:
سۆيەتتىم.

## تاش سۆزلىسە

ئاسمانغا ئاتقىنىڭدا
يەرگە قايتىپ چۈشمەن، دېسە تاش
ئىشەن ئۇنىڭغا.

سۇغا كىرگىنىڭدە
سېنى ھۆل قىلمەن، دېسە سۇ
ئىشەن ئۇنىڭغا.

دوستۇڭ كېلمەن دەپ خەت يازسا ساڭا
ئىشەنمە ئاڭا،
چۈنكى
تەبىئەت قانۇنى يوق ئۇنىڭدا.

## بەك ئەقىللىك بولۇشنى ئىستىمە

بەك ئەقىللىك بولۇشنى ئىستىمە
بۇقەدەر ئەقىل كېرەكمەس، ئۇقۇملارغا
بىرنىڭ نۆلدىن چوڭ بولۇشىغا.

ھېسابلارغا ئىشىنىپ كەتمە
ئۇنىڭ بىردىنبىر ياردەمچىسى شۇ
ئارتۇق ھېچكىمنى يوق دەپ.

تەنها جاسارىتىڭگە ئىشەنمە
هاياتنى قۇتقۇزار پەقەت
بىردەك جاسارىتى بولغانلار

## كونا زامانلاردىن نېمىلەر قالدى ؟

مانا، يېڭى بىنالار ئۈستىدە
كېچىلىرى مۇئەللەق تۇرۇپتۇ ئاي
مىس بۇيۇملار ئىچىدە ئۇ
بولۇپ ئەڭ كېرەكسىز.
ئانىلار هارۋىلارغا
قوشۇلغان هايۋانلارنى
بىلەر ئاتلار دەپ
هېكايە قىلىشماقتا ئېهتىيات بىلەن.
ئەمما، قىتئەلەر ئارا مۇزاكىرىلەردە
بۇ هەقتە گەپ يوق
يوقالغان نەرسىلەرنىڭ
ناملىرى ئېيتىلمايدۇ.
ئۈپۈقسىز ئۈپۈقلار سىرى سۇزۇلۇپ بارغان.
يېڭى ئاتتېنىلارغا بولسا
هېچنېمە مەلۇم ئەمەس.

## كىتاب كۆيدۈرۈش

هۆكۈمدارلار يامان مەزمۇنلۇق كىتابلارنى
ئاشكارا كۆيدۈرۈشكە بۇيرۇق بەرگەندە

ئۆكۈزلەرگە ھەيۋە قىلىپ ھارۋىكەشلەر
كىتاب بېسىلغان ھارۋىلارنى ھەيدىگەندە
شائىرلاردىن ياشراق بىرى كۆرۈپ چىقتى
كۆيدۈرۈلىدىغان كىتابلارنىڭ تىزىملىكىنى
سېزىپ نېمىشقىدۇر بىر ئىزتىراپقا چۈشتى
ئۆز كىتابلىرىنىڭ ئۇنتۇلغانلىقىنى
شائىر ئۆزىنى باسالماي، ھۆكۈمدارغا خەت يازدى:
— رەھىم قىلماي كىتابىمنى كۆيدۈرۈڭلار،
مېنى قالدۇرۇپ ئۇۋۇال قىلماڭلار
ھەقنى يازغان مەنمۇ كىتابلىرىمدا
مېنى يالغانچىلار قاتارىدا قالدۇرماڭلار
ماڭا ئۇنداق مۇئامىلە قىلماڭلار
ئۆتۈنەي سىلەردىن، مېنى يېقىتىڭلار!

**باھار توغرىسىدا**

نېفىت، كۆمۈر ۋە ئاممىياكقا
ئاچ كۆزلۈكىمىز ئويغىنىشتىن بىرئاز ئىلگىرى
ھەر يىلى دەرەخلەرنىڭ
گۈركىرەپ ئۆسۈۋاتقان
غەمسىز شادىيانە پەيتلىرى بولاتتى.
ئۇزارغان كۈندۈزلەر
تىنىقلاشقان ئاسمان
مۇقەررەر يېقىنلاشماقتا باھار —
ھەممىسى ھەممىمىزنىڭ يادىمىزدا.
ئەمدى بۇ پەسىل توغرىسىدا پەقەت كىتابلاردىن ئوقۇيمىز.

ئەمما، كۆپتىن بىرى
شەھەرلىرىمىز ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتمىدى
قۇشلارنىڭ شانلىق كارۋانلىرى.
پەقەت ۋاگونلارنىڭ دېرىزىسىدىن
يولۇچىلار تۇشتىن بايقاپ قالار باھارنى
ئۇنى كۆز ـ كۆز قىلار تۇپتۇز دالالار
بۇرۇنقىدەك روشەنلىك بىلەن
قايسىبىر ئېگىز تۆپىلىكتە
گويا بورانلار سالغاندەك سۈرەن.
ئەمما، بۇ بوران ئەمەس
پەقەتلا شۇ ئانتېننىلارغا
ئۇرۇلماقتا مەيىن شامال.

## ئىنسانغا زادى نېمە كېرەك؟

ۋىجدانەن ۋە ھالال ياشاپ ئۆتۈشنى
ئەي جاناب، ئۆگىتىپ كەلدىڭ سەن ئەزەل.
ئۇنتۇپ قالمىغىنكى، تاماق بېرىشنى،
گەپ قىلغاندا نەپ بېرىشنى ئەۋۋەل.
باقسام، ئىشتىھايىڭ يوغاندۇر شۇنچە،
لېكىن، ھالاللىقتىن بېرىسەن ساۋاق.
گەپ يورغىلىتىپ يۇرۇۋەرگىچە،
يادىڭدا بولسۇنكى، نان بېرىش ئوڭراق.
قاشقالار قورسىقى تويسۇن تاماققا،
مۇشتۇمدەك پارچە گۆش چۆمۈلسۇن ياغقا.

ئىنسانغا كېرەكى نېمە؟ ھەر سائەت ــــ
بىر ـ بىرىنى ئېزەر قەدىمدىن بۇيان.
ئۇنتۇپ قېلىشىدۇ ئىنسانلىقىنى،
ئۇنتۇشقا شۇنچىلىك مايىلدۇر ئىنسان.
بولدى، ئەي جانابلار، ھەممىگە ئايان:
توقلۇق بولمىغاندا، بولمايدۇ ۋىجدان.
ئانىلارغا دەيسەن، قانائەت قىلغىن،
دۇنيادا ھەممىنىڭ نەپسى بار بىلسەڭ،
ئاۋۋال ناننى بېرىپ نەسىھەت قىلغىن،
توغرا كەلمەس ئاچ قورساققا نەسىھەت بەرسەڭ.

يەڭگىل ياشىماقچى بولغان ئەي جاناب،
بىزنىڭ بېشىمىزدىن باسىدۇ ئۇيات.
گەپ بىلەن ئەپلەيمەن دېگۈچە، ئەرباب،
نەپ بەرگىن، بولمىسا، ئىنسانلىققا يات.
قاشقالار قورسىقى تويسۇن تاماققا،
مۇشتۇمدەك پارچە گۆش چۈمۈلسۇن ياغقا.
ئىنسانغا كېرەكى نېمە؟ ھەر سائەت ــــ
بىر ـ بىرىنى ئېزەر قەدىمدىن بۇيان.
ئۇنتۇپ قېلىشىدۇ ئىنسانلىقىنى،
ئۇنتۇشقا شۇنچىلىك مايىلدۇر ئىنسان.
بولدى، ئەي جانابلار، ھەممىگە ئايان:
توقلۇق بولمىغاندا، بولمايدۇ ۋىجدان.

## شامال بەرگەن نەزىرە

1

بىركۈنى موماي كىرىپ كەلدى

2

قورسىقى تويغۇدەك نېنى يوق ئۆنىڭ

3

نېنىنى بىر ئەسكەر يەۋالغانىدى

4

موماي مۇزدەك ئەۋرەزگە ئۆزىنى ئاتتى

5

ئەمدى ئۇنىڭ قورسىقى ئاچمايدىغان بولدى

6

جىمىپ كەتتى ئورماندا قۇشچە
شاخلاردا سۈكۈنات
تاغلار چوققىسىدا تۇرۇپمۇ
سېزەلمەيسەن شامالنى، ھەيھات!

7

تەكشۈرگۈچى دوختۇر كىرىپ كەلدى

8

مومايىنىڭ راست ئۆلگەنلىكىنى دەلىللىدى

9

ئاچ قورساق مۈردىنى كۆمۈشتى

10

ئاڭلانماس ئەمدى موماينىڭ ئۈنى

11

پەقەت دوختۇرلا كۈلەر مومايدىن

12

جىمىپ كەتتى ئورماندا قۇشچە
شاخلاردا سۈكۈنات
چوققىلاردا تۇرۇپمۇ
سېزەلمەيسەن شامالنى، ھەيھات.

13

بويتاق بىر ئەر كىرىپ كەلدى

14

قانۇندىن بىخەۋەر ئىدى ئۇ

15

ئۇ بۇ يەردە بىر ئىش بار دەپ ئويلىدى

16

بۇ مومايغا نىسبەتەن بىر شەپقەت ئىدى.

17

ئادەم يېمىسە تۇرالمايدۇ، دېدى ئۇ

18

شۇنىڭ بىلەن جىمىپ كەتتى ئورماندا قۇشچە
شاخلاردا سۇكۇنات
چوققىلاردا تۇرۇپمۇ
سېزەلمەيسەن شامالنى، ھەيھات!

19

شۇ چاغدا ساقچى باشلىقى كىرىپ كەلدى

20

ئۇنىڭ يېنىدا ھەمىشە كالتەك

21

بىر كالتەك بىلەن چۇۋۇلدى بويتاقنىڭ مېڭىسى

22

ئەمدى ئۇ ئەرمۇ ئىندىمەس بولدى

23

ساقچى باشلىقىنىڭ گېپى قۇلاق - مېڭىنى يەيدۇ

24

جىمىپ كەتتى ئورماندا قۇشچە
شاخلاردا سۇكۇنات
چوققىلاردا تۇرۇپمۇ
سېزەلمەيسەن شامالنى، ھەيھات!

25

ئۈچ قاۋۇل ئەركەك كىرىپ كەلدى

26

ئۇلار بۇ بىر بويتاقنىڭلا ئىشى ئەمەس، دېدى

27

ئوق ئاۋازى ئاڭلانغۇچە شۇنداق دېيىشتى

28

قۇرتلار ئۇلارنىڭ يوتىلىرىدا ئۈمىلىدى

29

شۇنداق قىلىپ، ئەزىمەتلەرمۇ جىمىپ كەتتى

30

شۇنىڭ بىلەن جىمىپ كەتتى ئورماندا قۇشچە
شاخلاردا سۈكۈنات
چوققىلاردا تۇرۇپمۇ
سېزەلمەيسەن شامالنى، ھەيھات!

31

بۇ قېتىم جىق ئەرلەر كىرىپ كەلدى

32

ئەسكەردىن سوراپ كۆرمەكچى بولۇشتى

33

ئەسكەر پىلىموت بىلەن جاۋاب بەردى

34

ئەمدى قايتا ئاۋاز يوق

35

ھەممىسىنىڭ مېڭىلىرىدا بىردىن قوزۇق

36

شۇندىن باشلاپ جىمىپ كەتتى ئورماندا قۇشچە
شاخلاردا سۈكۈنات

چوققىلاردا تۈرۈپمۇ
سېزەلمەيسەن شامالنى، ھەيھات!

37

ئەمدى كىرىپ كەلدى يوغان قىزىل ئېيىق

38

ئۇ ئېيىق سۆپىتىدە ئىشلارنى بىلمىسىمۇ بولاتتى

39

ئۇ كالۋا ئەمەس ئاسفالت يولدا ماڭغىلى

40

بەلكىم، ئورماندا قۇشلارنى تۇتۇپ يەپ زوراۋانلىق قىلار

41

شۇندىن باشلاپ جىمىپ كەتتى ئورماندا قۇشچە
شاخلاردا سۆكۈنات
چوققىلاردا تۈرۈپمۇ
سېزەلمەيسەن شامالنى، ھەيھات!

## بىركۈن كېلىدۇ

بىركۈن كېلىدۇ، زامان بىزنىڭ بولىدۇ، بىزنىڭ
مۇتەپەككۇرلارنى ئوقۇپ چىقىسەن چالا قويماي

پۈتۈن رەسساملارنىڭ توپلىمىنى كۆرسەن
كۈلۈپ تۇرۇپ مەسخىرىلەرگە غەرق بولسەن
دوست بولسەن بارلىق خوتۇنلارغا
ۋە پۈتۈن ئىنسانلارغا
ئۆگىتىسەن راستىنى.

## بىر ياپراق ئەۋەت

ئەۋەتكىن ماڭا بىر ياپراق
ھېچبولمىسا يېرىم سائەت بۇرۇن
ئۆسكەن بولسۇن ئۆيۈڭدىن يىراق توقايدا
ئالدىڭغا ماڭ، كۈچلىنەرسەن
ئاندىن ساڭا رەھمەت دەيمەن
ئاشۇ گۈزەل ياپراق ئۈچۈن.

## بەرمەكلىك بەختى

ئەڭ بۈيۈك بەخت نېمە:
بەرمەكتۇر كۈلۈپ تۇرغان ئادەملەرگە
گۈزەل ھەدىيەلەر سۇنۇشتۇر
باغرى يارا، ئېزىلگەنلەرگە.
سولغۇن چىرايلارنى كۈلدۈرۈپ
سۆيۈنگەن ئىنسانىنىڭ يۈزىدىن
ئارتۇق گۈزەل بولماس
ھېچبىر گۈل.
سۆيدۈرمەس ئادەمنى ھېچ نەرسە
ياردەم قولىنى سۇنماقتىن ئۆزگە.

## تۇتۇن

بۇ ئۆي ساھىلىدىكى دەرەخ ئاستىدا
مورىسىدىن تۇتۇن چىقىپ تۇرىدۇ
تۇتۇنلەر غايىب بولدى ئەمدى.
ئۆي، دەرەخ ۋە دېڭىز
ھەسرەتلىك كۆرۈنۈپ كەتتى.

(يۇقىرىقى شېئىرلار خەنزۇچە «بىرەخت شېئىرلىرىدىن تاللانما»، خۇنەن خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى نەشرى، تۈركچە «ئاشىق ھەمىشە يېڭىدىن باشلايدۇ»، ئادەم نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى نەشرى، ئۆزبېكچە «باللارغا بىرەيلى دۇنيانى»، تاشكەنت، 1988 ـ يىلى نەشرى قاتارلىق توپلاملاردىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى.)

# گارسىيە لوركا شېئىرلىرىدىن



[ئىلاۋە: گارسىيە لوركا (Federico Garcia Lorca ،1936 — 1898) ئىسپانىيە ئەدەبىياتىدىكى، شۇنداقلا 20 ـ ئەسىر جاھان شېئىرىيىتىدىكى تەسىرى زور شائىرلارنىڭ بىرى. لوركا 1898 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئىسپانىيەنىڭ ئەندولۇس رايونىنىڭ گىرانادا شەھىرى ئەتراپىدىكى بىر بازاردا تۇغۇلغان. ئەندولۇس ئىبىن ئە-رەبى، ئىبىن خەلدۇن كەبى مۇسۇلمان مۇتەپەككۇرلار، جىمىنىز، ماچادو، ئا-لېكساندىر كەبى ئىسپان تىلى شائىرلىرى چىققان مەنىۋى ھاۋاسى ئېسىل بىر جاي بولۇش سۈپىتى بىلەن، لوركانىڭ بۆشۈكى بول-غان. لوركانىڭ ئائىلىسىمۇ باي، ئېسىلزادە ئائىلە بولۇپ، ئۇنىڭ تەربىيەلىنىشىگە ئەۋزەل شارائىتنى بەخش ئەتكەن. لوركا 1914 ـ يىلى گىرانادا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قانۇن كەسپىگە ئوقۇشقا كىر-گەن. كېيىن، ئۇ ئەدەبىيات، رەسىم، مۇزىكىلارنى ئۆگەنگەن. لوركا ئۇرغۇپ تۇرغان ئىجادكارلىقىنى ئىشقا سېلىپ، كۆپكە قابىل سەن-ئەتكار بولۇپ يېتىشىپ چىققان. ئۇنىڭ «مارىيانا پىنىدا» (1927)، «قانلىق توي» (1933)، «يېرما» (1935) قاتارلىق دىرامىلىرى ناھا-يىتى مەشھۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ سەھنە پائالىيەتلىرىدە ھەم دىراما-تورگ، ھەم رەسسام، ھەم رېژىسسور بولغان. ھوقۇقى دەپسەندە بول-غانلارغا ھېسداشلىق قىلىپ، ئەركىنلىك، ئازادلىققا بولغان كۈچ-لۈك تەقەززاسىنى بىلدۈرگەن. شائىر 1936 ـ يىلى ئەينى يىللار-

دىكى فاشىستىك ھاكىمىيەتنىڭ كاتتىبېشى گېنېرال فىرانكو تە-رىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى 1975 - يىلى ئىسپانىيە دېموكراتىك ھۆكۈمەتنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن يو-رۇقلۇققا چىققان.

لوركا ساپ، سەمىمىي، قىزغىن، غايىلىك شائىر بولۇپ، شې-ئىرلىرى نازۇك ھەم ھەيۋەت، ئەنئەنىۋى ھەم زامانىۋى، ئەركىن ھەم سىرلىق. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ئۆلۈم دەھشىتى، تاڭ جۇلاسى، مۇھەببەت تەشنالىقى، تەنھالىق ھەسرىتى سىرلىق رەۋىشتە بىر - بىرىگە يۇغۇرۇلۇپ كەتكەنكى، كىشىگە ئاددىي، يەڭگىل، مىستېتىك تەسىرات ئاتا قىلىدۇ. ئۇ «شېئىرلار» (1921)، «تۇمارىت توپلىمى» (1936) قاتارلىق شېئىرى توپلاملىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن. ]

## تاڭ

سىقىلغان يۈرىكىم
ئەگىشىپ سۇبھىنىڭ يۈكسىلىشىگە
تېتىدى ئەلەملىك سۆيگۈ دەردىنى
يىراق - يىراقتىكى چۈشلەر تەرزىنى.

تاڭ شولىسى
ئېلىپ كەلدى سېغىنىشنىڭ ھىدىنى
روھلارنىڭ تېگىدە كۆمۈلۈپ ياتقان
شۇ قارىغۇ كۆڭۈل دېتىنى.
قارا پەردىسىنى تاشلىدى قايرىپ
كېچىنىڭ بەھەيۋەت كاتتا مازارى
كۈندۈز بىلەن چۈمكىمەك ئۈچۈن
كۆكتىكى ساناقسىز يۇلتۇزلارنى.

نېمىشقا يىغىمەن دالالاردىن مەن
چاۋارنى، قۇشلارنىڭ چاڭگىسىنى ھەم؟
قەلب بىلەن تولغان شۇ كېچە
تاڭنىڭ نۇرى بىلەن ئورالغان بۇدەم!
يورۇق يۇلتۇزلاردا تورلاشسا كۆزۈڭ
سەزمىسەم نىگاھىڭ ھارارىتىنى
قايسىبىر ھالەتكە قالىمەن ئۆزۈم!

نېمىشقا سۇپسۇزۇك گۈگۈم ئىلكىدە
مەڭگۈگە يوقاتتىم سايەڭنى سېنىڭ؟
نۇرىنى يوقاتقان يۇلتۇزلار كەبى
يۈرىكىم قاغجىراپ كەتتىغۇ مېنىڭ.

## شەرق كۈيى

خۇش پۇراق ئانار
بىغۇبار ئاسمان.
(ھەر قەۋىتى بىر گۈگۈم،
ھەر دانىسى بىر يۇلتۇز.)
قۇرغاقلىشىپ كەتكەن شۇ ئاسمان
ئايلار پەنجىسىدە مىجىلىپ قالغان.

يىللارنىڭ ئالقىنىدا
سولاشقان ئەمچەككە ئوخشايدۇ ئانار،
دالالارنى يورۇتىمەن دەپ
توپچىلىرى يۇلتۇزلارغا ئايلىنار.

ھەرە ئۇۋىسىغا ئوخشايدۇ ئانار
كۆنەكلىرى گويا خۇنابە.
ئاياللارنىڭ شېرىن ئاغزىدىن
كۆنەك قۇرۇپ چىقىدۇ ھەرە.

ئانار يېرىلغان ئاشۇ مەھەلدە
بىنەپشە رەڭ مىڭلىغان لەۋلەر
شادىيانە ئۇرىدۇ خەندە.
ئانار
قۇشلار دانلىماس بولغان
ئېكىنزاردا سوققان بىر يۈرەك
ئادەم يۈرىكىدە بېجىرىم پوستى
بېرىدۇ مايدىكى قىزىللىقىنى
كۆڭۈلنى مەست قىلغان خۇش پۇرىقىنى
يولۇقسا ئۆزىنى چۈشەنگەن دوستى.

ئانار يايلاقىقا ئوخشار بەزىدە
قەدىم يەر ئىلاھى ئەڭگۈشتەرىگە!
سۆزلىشەر ئەترگۈل خانىشى بىلەن
جىمجىت ئورمانلارنىڭ خىلۋەت يېرىدە.
ئاپپاق ئۈزۈن ساقال قويۇۋالغان ئۇ
جىلۋىگەر، رەڭدار لىباس كىيىۋالغان ئۇ.

ئانار، ئۇ ئەتىۋار، شۇنداق بىباھا
ياپراقلار ئۇچۇملاپ تۇرىدۇ ئۇنى.
تىللانىڭ رەڭگىدە كۆرۈنگەن كۆكرەك
بەئەينى قىپقىزىل ياقۇت ساندۇقى.

باشاقلار بولكىدۇر، قوشۇلۇپ كەتكەن
ئاڭا خىرىستوسنىڭ ھايات ـ ماماتى.
زەيتۇنلار مېھنەت ھەم قۇۋۋەتتىن پۈتكەن
تاقەت، قەتئىيلىكنىڭ ئىنشائاتى.

گۇناھكار بەندىگە ئوخشايدۇ ئالما
غەلىتە مېۋە ئۇ، غەلىتە بىر تەن.
بىر تامچە قانكى ئۇ، ئەسىرلەر ئارا
شەيتان بىلەن ئالاقە قىلىشىپ كەلگەن.

ئاپېلسىن گۇناھىنىڭ چېچىكى گويا
خورلانغان جاراھەت، بىر پىغان بولدى.
زاتىدىن پاك ئىدى، زاتىدىن ئاپپاق
ۋە ئەمدى لالەگۈل، زەپىران بولدى.

ئۈزۈملەر يازدىن يارالمىش شەھۋەت،
چېركاۋلار قۇت تىلەپ، چىقىرار شەربەت.

كاشتان ئۇ ئائىلىنىڭ ئاسايىشلىقى
ئەمما، ئۇ ئۆتمۈشكە كەتكەن ئايلىنىپ.
ئۇ ئەمدى تاۋاپچى يولىدىن ئازغان،
قوقاستا ئېتىلىپ، ھەريان تارىلىپ.

دۇب دەرىخى
قەدىمىي ۋە تىنچ شېئىرنىڭ ئۆزى
ئۇنىڭدىكى بېجىرىم پاكلىق
ئالتۇننىڭ رەڭگىدە سارغايغان بېھى.

مۇقەددەس سامانىڭ قېنىدۇر ئانار
ئېرىقتىن ــــ دىلپارە زېمىندىن كەلگەن
ئۇ كەلگەن باغرى داغ شامال بەھرىدىن
ئۇ كەلگەن بەھەيۋەت تاغلار قەھرىدىن
شېرىن ئۇيقۇدىكى كۆللەر سەتھىدىن
كەلگەن ئۇ تىپتىنچ دېڭىز قېتىدىن.

جىسمىمىزدىن ئاققان قانلارنىڭ
قەدىمكى چەشمىسى، بۇلىقى ئانار
قاتتىق بىر ۋۇجۇدقا قاننىڭ ئويلىرى
ناتىۋان ھالەتتە سولىنىپ ياتار.
بىر بولسا يۈرەككە، بىر بولسا باشقا ــــ
ئوخشاش بىر سىيماغا ئىگە شۇ ئانار.

ئەي، يېرىلغان ئانار
سەن شاختىكى يالقۇنسەن
سەن ۋېناسىنىڭ تىرىك سىڭلىسى
مەيىن شامال باغنى كەزگەندە
ئىشتىلگەن شادلىق كۈلكىسى
سېنى ئەگىپ ئۇچار كېپىنەكلەر
بىلىپ ئۇيۇل قۇياشنىڭ مىسلى
ھاشارەتلار يېنىڭدىن قېچىپ ئۆتۈشەر
كۆيدۈرۈپ قويمىسۇن دەپ سېنى.

سەن نۇركى، ھاياتلىق نۇرى
مېۋىلەرنىڭ ئېسىل خانىشى
ئېرىقلار پەيۋەندە بولغان مەنزىرە
سۇزۇك، يارقىن يۇلتۇز دانىسى.
ئەي، ئانار كىممۇ سېنىڭدەك
ھەممە زوق ـ شەۋقىنى دالاغا چاچار!

## دېڭىز سۈيى ھەققىدە قوشاق

دېڭىز كۆلەر يىراقتا ھامان
دولقۇنلار چىش، ئېغىزدۇر ئاسمان.

— سەن نېمىلەرنى سېتىۋاتىسەن
كوكسى ئوچۇق ئەي، خامۇش جۇۋان؟

— بىلسىڭىز گەر موھتەرەم جاناب،
سېتىۋاتىمەن دېڭىز سۈيىنى.

— سەن نېمىلەرنى ئېلىپ كەلگەنسەن
قېنىڭغا قوشۇپ، قاپقارا يىگىت؟

— سۇ ئاقىدۇ، موھتەرەم جاناب،
قېنىمدا ئاقىدۇ دېڭىزنىڭ سۈيى.

— شورلۇق ئىكەن كوزۈڭنىڭ يېشى
بىلمىدىم، بۇ توز قەيەردىن كەلگەن؟

— بىلسىڭىز گەر موھتەرەم جاناب،
كوز يېشىم ئاقىدۇ دېڭىزغا قاراپ.

— يۈرەك، يۈرەك، بۇ ئېغىر كۈلپەت
ئېيتقىنا، زادى قەيەردىن كەلگەن؟

— ئاچچىقتۇر ئەجەب دېڭىزنىڭ سۈيى،
دېڭىزدا قايغۇنىڭ بارمىكىن تۇۋى.

دېڭىز كۆلەر يىراقتا ھامان
دولقۇنلار چىش، ئېغىزدۇر ئاسمان.

## مەنزىرە

دالىلار پۈركەنگەن زەيتۇنلار بىلەن
شۇنداق بىر سۈرەتتە، يەلپۈگۈچسىمان —
ئېچىلىپ، يېپىلىپ تۇرىدۇ ھەر ئان.
قەھرىتان يۇلتۇزلار
مۇجمەل ئاسمان،
خىرە ئەلپازدا سىم ـ سىم يامغۇرلار
زەيتۇنزار چېھرىنى پۈتۈن قاپلىغان.
قاراڭغۇلۇق ھەم پىلىكئوت[1]
دەريانىڭ بويىدا تىترىشىپ تۇرغان.
كۆل رەڭ تۇمان يامرىغان ھەريان
زەيتۇنزاردا پەۋەستۇر چۇقان.
بىر توپ تۇتقۇن قۇش
كېرىپ ئۇزۇن قاناتلىرىنى
قارا كېچە باغرىغا ئۇرغان.

## گىتار

باشلاندى مانا،
گىتار نالىسى.
چېقىلدى سۈزۈك
تاڭ پىيالىسى.

① ئۆسۈملۈك نامى.

پەرياد ئېلكىدە
گىتار يىغلايدۇ.
پەسلىتەي دېسەڭ
زادى ئاقمايدۇ.
قارلار ئۈستىدە،
شامال ئىڭرايدۇ.
سۇلار ئېسەدەپ،
ئارام تاپمايدۇ.
بەزلىسەڭ شۈنچە
تاپمايدۇ بەرھەم
كىمدۇر بىرىگە
يىغلايدۇ ھەردەم.
يىغلار جەنۇبتا
زەپىران سەھرا
ئىستەپ غۇبارسىز
تاغنىڭ گۈلىنى.
يىغلايدۇ مىسكىن
تاڭسىز كېچىلەر
يىغلايدۇ ئوقلار
بىلمەي يولىنى.
بىرىنچى مەرتەم
جان بەرگەن بىر قۇش
يىغلايدۇ شاختا
يىغلايدۇ بىھوش.

## گىتار

بەش خەنجەر
تىلغىغان يۈرەك.

## پەرياد

پەرياد يايلىرى
تۈتىشىدۇ
تاغدىن ـ تاغقا.

زەيتۇنزار
ياساپ سىياھ رەڭ ھەسەن ـ ھۈسەننى،
چاقناتتى نىل رەڭ كېچىنى.

ئەي!

تىترەپ تۇرغان تارلارغا
كامانچە ئۇرۇپ پەرياد
ئىڭرار شامال غېجەكى.

ئەي!

(ئادەملەر چىراغلارنى
ئۆچۈرىدۇ غارلاردىن.)

ئەي!

## كېيىن

غايىب بولدى
ۋاقىت ياراتقان سىرلىق ئۇردىلار.

(قالغىنى پەقەت
باياۋان بولدى.)

غايىب بولدى
يۈرەكتىن تۇغۇلغان ئارزۇ ـ ئارمانلار.
(قالغىنى پەقەت
باياۋان بولدى.)

غايىب بولدى
سۈبھى ئىستەكلەر، تاتلىق بۆسەلەر.
(قالغىنى پەقەت
دولقۇنلانغان باياۋان بولدى.)

**غار**

غارلاردىن
سۈزۈلۈپ ـ سۈزۈلۈپ كېلىدۇ پىغان.

(قىزىل بىلەن بىنەپشە
بولۇشتى دەستە ـ دەستە)

يىراق ماكاننى ئەسلىدى سىگان.

(ئېگىز ـ ئېگىز مۇنارلار
سىرلىق ـ سىرلىق ئىنسانلار)

ئۈزۈك ـ ئۈزۈك ئاۋازلار
كېچەر ئۈچۈپ كۆزلەردىن

(قارا، قىزىل ئۈستىدە)

ئاقلانغان غار
زەر ئۈستىدە تەۋرىتەر.

(ئاق رەڭ قىزىل ئۈستىدە)

## ۋىسال

سەن بىلەن مەن
ۋىسال ئىستەپ كەتمىدۇق ئانچە.

ئاياندۇر سىنىڭ ئەقلىڭگە
سۆيۈپ سىنى بولدۇم مەستانە!
راۋان بول يەنە شۇ چىغىر يولۇڭغا
مىخلاردىن ئىز قالدى ئالىقانلىرىمغا.
كۆرمىدىڭمۇ ئەجەبا
زىدىلەردىن سىرغىماقتا قان
ئارقاڭغا قارىماي مېڭىۋەر ھامان
مۇقەددەس كايىتانوغا[1] قىلايلى سەجدە
چۈنكى، ئىككىمىز
ئىستەپمۇ كەتمىدۇق ۋىسالغا ئىمكان.

---

[1] يەر نامى.

## سەھەر

ياڭرايدۇ سەھەرنىڭ قوڭغۇراقلىرى
كوردوۋادا
ئۇنلەيدۇ سۇبھىدەم قوڭغۇراقلىرى
گىرىنادادا.
قىزلار —
ئەندەلۇسسىنىڭ ئېدىرلىرىدا —
تۇمانلار قوينىدا ئاھ ئۇرغان قىزلار،
سۇلىيە[1] كۈيىنى ئېيتىدۇ يىغلاپ.
شادا پاچاق ئىسپان قىزلىرى
لەپىلدىتىپ كۆڭلەكلىرىنى
رەستىدە ئۆتىدۇ نۇر بىلەن تاۋلاپ،
ياڭرايدۇ سەھەرنىڭ قوڭغۇراقلىرى
كوردوۋادا
ئۇنلەيدۇ سۇبھىدەم قوڭغۇراقلىرى
گىرىنادادا.

## جىنچىراغ

يېنىپ تۇرغان ئاشۇ جىنچىراغ
پاتقاندۇ نەقەدەر ئېغىر خىيالغا!

ئۇ گويا ھىندىسنىڭ سېھىرگىرىدەك
تىكمىلەر ئۆزىنىڭ زەرگۈن قەلبىگە.

① يەر نامى.

يېقىپ كۈجىلەرنى باقار تەلمۈرۈپ
شامالسىز ئاسمانىنىڭ تىنچ قەرىگە.

ئېغىر سايىلەرنى قۇترىغان لەيلەك
ئۈۋىسىدىن چوقۇپ ئالدۇ.
ئۆلۈپ كەتكەن سىگان بالىسىنىڭ
دۈگىلەك كۆزلىرىگە تىترەپ باقىدۇ.

## تارازا

تۈن شۇ قەدەر تىنچ ھەم ياۋاش.
كۈندۈز كېلىپ ـ كېتەر ئالدىراش.

كېچە تىنچىق، يوقتۇر ھاياتلىق.
كۈندۈز بولسا ھەيۋەت قاناتلىق.

تۈن ئەينەكلەر ئۈستىدە،
كۈندۈز شامال تەكتىدە.

## ھەرە كۆنىكى

ياشايمىز
خىرۇستال زىندانلاردا
ھاۋادىن يارالغان كۆنەكلەردە!
سۆيۈشتۇق
بالقىپ ئۆتۈپ خىرۇستاللاردىن
دىلرەبا زىندان!
ئۇنىڭ ئىشكى ئاي!

## لەمپە

چالىدۇ سۇ
كۈمۈش دۇمبىقىنى.

دەرەخ
توقۇيدۇ شاماللارنى،
ئەتىرگۈل ئۇنىڭغا
تۆكۈپ بېرەر خۇش پۇرىقىنى.

يوغان بىر ئۆمۈچۈك
يۇلتۇزلارنى كەشتىلەپ
يۇيىدۇ ئاي نۇرىدا ئۆزىنى.

## دېرىزىدىن كۆرۈنگەن مەنزىرىلەر

1

كۆرۈنىدۇ كۆكتە تولۇن ئاي،
پەستە شامال ئايلىنار تىنماي.

(سوزۇلغان نىگاھلىرىم
تۇتىشىپ كەتتى ئاسمانغا)

ئاي سۇنىڭ ئۇستىدە
ئاينىڭ ئاستىدا شامال.

(ئۈزۈك ـ ئۈزۈك نىگاھلىرىم
تۈتىشىپ كەتكەن تۇپراقتا.)

ئاڭلىنىدۇ قايدىنىدۇر،
ئىككى قىزنىڭ ئاۋازى.
بارىمەن سۇدىكى ئايدىن
ئاسماندىكى ئاي سارى.

2

كېچىنىڭ قولى
ئاچتى دېرىزەمنى.

يوغانغىنە تۇم قارا بىلەك
سۇلاردىن تاقىغان بىلەزۈك.

نىل رەڭ خىرۇستالدا
ئوينىشىدۇ جېنىم ئۇنىڭ بىلەن.

سائەتتىن يارىلانغان دەقىقىلەر...
ئۆتۈپ كېتەر ئاشۇنداق.

3

بېشىمنى
دېرىزىدىن چىقاردىم
قىرىپ ئۆتتى گېلىمنى
ئۆتكۈر شامال تىغلىرى.

شۇ قارىغۇ ھەۋەسلىرىمنى
ئاستاغىنە قويۇپ بەردىم
شەكىلسىز دار ئۈستىدە.
چەكسىز لەھزىلەرنى
تولدۇردى لىمون ھىدى
شامال شۇ دەم گۈللەرنىڭ
پورىكىگە ئايلاندى.

4

مانا بۈگۈن بىر قىزچاق
كۆل سۈيىدە ئۆلۈپتۇ.
كىيىمىگە يۆگىنىپ
كۆل بويىدا يېتىپتۇ.

بويلاپ باش ھەم ئاياغنى
بىر بېلىق ئۈزەر شۇندا
ئويغىتاي دەپ شاماللار
تولۇشىپ قىلار نىدا.

سۇ ئوتىدەك چاچلىرى
يېيىلغان سۇ يۈزىگە
چايقار شامال پاقىدەك
يېپىشىپ ھەممىسىگە.

بەرگىن ئاڭا تىنجاتلىق
ئەي، دېڭىزنىڭ ئىلاھى
تىنچلانسۇن كۆلچەكتە
ئۆلگەن قىزنىڭ ئەرۋاھى.

قويدۇم ئۇنىڭ يېنىدا
ئىككى دانە قاپاقنى
شورلۇق دېڭىز سۇيىدە
لەيلىسۇن دەپ قىزچاقنى.

## سونېت

قايغۇلۇق ئاھ ئۇرغان تۇن شامالليرى —
كۇمۇش رەڭ بەك ئۇزۇن ئەرۋاھ مىسالى،
كۇل رەڭ قولى بىلەن ئېچىپ يارامنى —
ئۆتۇشتى،
ئارماندا پېقىرنىڭ هالى.

هايات بەخش ئەتكەن سۆيگۇ ئازابى
بەردى يارقىنلىقىنى، مەڭگۇلۇك قاننى.
يارامنىڭ ئەۋجىدىن جىمىققان بۇلبۇل،
تاپار ئىللىق ئۇۋا، دەردنى، ئورماننى.

ئاھ، مېنىڭ قەلبىمدە شېرىنسۇخەنلەر!
يايمەن ساددا دىل گۇللەر قېشىدا
غايىب جانلىرىڭنىڭ گۇلىنى تازا.
كىردى ئاققان سۇلار تىللا رەڭگىگە،
قاشتىكى نەمخۇش شۇ ئوتلار ئىلكىدە
ئاقىدۇ قانلىرىم سالغانچە گىرە.

## ئاي ۋە ھاشاراتلار مەنزىرىسى

ئاي تىترەيدۇ دېڭىز ئۈستىدە
يەلكەنلەردە يىغلايدۇ شامال.
قوزغىلىدۇ قاققىنىدا پەر،
زەڭگەر، كۈمۈش دولقۇنلار دەرھال.
— ئەسپىرونسىدا

ھەر قىشلاقتا ياشىسا دېڭىز پەرىسى
كۆڭلۈم ئوخشاپ قالار بىر پاي ئاياغقا.
تۈگەرمۇ تۈن بېسىلغانغا بىمار نالىسى
كۆزلەر نەدە تۇرسۇن چۆكمەس قېيىققا.

يۇمشاق سۈلكەت بىلەن پۈۋلىسە شامال،
يۈرىكىم بىر قىزغا ئايلىنىپ قالدى.
شامال قومۇشلۇقتىن كەلمىسە، قەلبىم —
مىڭ يىللىق تېزەكنىڭ ئورنىنى ئالدى.

ئۈزەيلى، ئۈزەيلى، ئۈزەيلى ئالغا!
قاراپ بەرباد بولغان پىستىرمىلارغا،
قاراپ شۇ تەكشىسىز ئۈچلۈق تىغلارغا
مەشئۇم ئاخشاملارغا ھەم سۈزۈك قارغا
ئايمۇ بار، لېكىن، ئاي ئوخشىماس ئايغا.
مەيخانا تۈلكىسى
يانجىلغان مايسا
ئۆز كۆزىنى چوقۇغان ياپون خورىزى.

ئەينەكتىكى تەنھا ئايال، دورا دۇكىنى
بەربىر قۇتقۇزۇپ قالماس بىزنى.
دانىشمەن سامادىن تاپتى بىر دۆڭنى.
شەكىللەر يالغاندۇر، شەكىللەر يالغان
ئالەم سانسىز ئېغىزدۇر ھاۋانى يۇتقان.

ئاي بار
لېكىن، ئايمۇ ئەمەس.
ھاشاراتلار.
قىرغاقتىكى كىچىك ـ كىچىك مۇردىلار.
رىشتىلەردىكى ئازابلار.
نۇقتىلاردىكى يودلار
يىڭنىمىخ ئۇچىدا ياشىغان ئاۋام.
قېنىمىزنى يۇغارغان يالىڭاچ بەدەن.
يۈرىكى يەپ كېتىلگەن بوۋاق بالا.
مېنىڭ ئىشقىم.

ئەنە، كۆيلەپ ۋارقىرىشار، ئاھ ـ ۋاھ قىلىشار:
چىراي، چىراي، سېنىڭ چىرايىڭ.
ئالمىلار، ھەقىقىي مەخمەل گۈللىرى،
ئاپتاپتا قېرىلىقنىڭ سوغۇق تەمى بار
پانۇسلۇق دالالار سىغار تەڭگە يۈزىگە.
ئەمما، چېھرىڭ قاپسىلار بەزمە كۆكىگە.
ئەنە، كۆيلەپ ۋارقىرىشار! ئاھ ـ ئاھ قىلىشار!
چاڭ سېلىشار! ئۇرۇشار! ھەمدە قىينىشار!

كېتىش لازىم شاخلار ھەم دولقۇنلاردىن
ساھىلدىكى ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئادەمسىز كوچىلىرىدىن
ياردار كالا مۆرىگەن تېرە دۇكانلاردىن.

دېڭىزغا چۈمۈلەتتى بىر رەڭسىز ئادەم
نازۇكلۇقىدىن
شولىلارغا يۈرىكىنى يېگۈزۈپ قويدى.
پېرۇ[1]دا مىڭلاپ ئاياللار بار ـ مىڭلاپ ھاشارات.
ئاياللار گىرەلەشتۈرۈپ تومۇرلىرىنى
كېچە ھەم كۈندۈز ئوينار مارشلىرىنى.

چىرىگەن كىچىك پەلەي توستى مېنى، بەس!
ئاڭلاپ تۇردۇم رومالدا
يېرىلغان تومۇرنىڭ ئاۋازلىرىنى
سۆيۈملۈكۈم،
ئاسرىغىن قولۇڭ، ئاياغلىرىڭنى!
كېلىپ قالدى يۈزۈمنى تەڭلەش پەيتى
يۈزۈمنى، يۈزۈمنى، يېيىلگەن يۈزۈمنى!

ھەۋەسلىرىم ئۈچۈندۇر تازا ئاتەشلەر
مۇۋازىنەت ئۈچۈندۇر مۇجمەللىكلەر
كۆزۈمدىن پوروخنىڭ گۇناھسىز ئازابلىرىدىن
بېسلار مەۋھۇملۇق يەپ تاشلىغان يۈرەكتىكى دەردلەر.
قۇتقۇزۇپ قالماس بىزنى ئاياغ دۇكىنىدىكىلەر
داتلاشقان ئاچقۇچلاردىن چىققان سادالار
ھاۋالار يالغان،
بار پەقەتلا
ھەممىنى ئەستە تۇتقان راۋاقتىكى بۆشۈكلەر.
ئاي بار، لېكىن، ئاي ئەمەس.
ھاشاراتلار

---

① دۆلەت نامى.

پەقەت ھاشاراتلار
ئۆمىلىشەر، چىشلىشەر، تىترىشەر
ئاي ھەم
تۇتۇندىن نىقاب كىيىپ ئولتۇرىدۇ
ئۆزىنىڭ خارابە ئاستانىسىدە.
ئاي!

### ۋەھىمە ھەققىدە غەزەل

ئىستەيمەنكى، جىلغىلاردىن ئايرىلسۇن شامال
ئىستەيمەنكى، سۇلاردىن ئايرىلسۇن قانال.

ئىستەيمەنكى، كۆزلىرىدىن ئايرىلسۇن ئاخشام
يۈرەكتىكى زەر غۇنچىلار تاپسۇن ھەم زاۋال.

ئۆكۈز بىلەن يوپۇرماقلار قۇرۇشسۇن سۆھبەت
غەپلەت ئارا قىلىپ سازاڭ بولسىكەن پايمال.

ئىسكىلىتنىڭ چىشلىرى يالتىراپ كەتسۇن
يىپەكلەرنى زەپىرانلىق قاپلىسۇن دەرھال.

ئىستەيمەنكى، دەردلىك ھەم يارىدار ئاخشام
تولغىنىپ ئاق كۈندۈز بىلەن تالاشسۇن ماجال.

خاراب كىمىر ھەمدە يىشىل، زەھەرلىك گۈگۈم —
ئاستىدا چىرىپ ياتار زامانلار بىھال.

شۇ غۇبارسىز تەنلىرىڭنى ئاچمىغىن زىنهار —
پىلىككئوتتا[1] چىراي ئاچقان كاكتوسقا[2] مىسال.

بەرگىن قارا يۇلتۇزلارنىڭ ئىشتىياقىنى،
ئەمما، ئوچۇق بەللىرىڭنى كۆرسەتمە، جىم قال.

## ئۈمىدسىز ئىشق ھەققىدە غەزەل

كېلەلمىسۇن دەپ سېنى، بارالمىسۇن دەپ مېنى
قارا كېچە بەرمەيدۇ كېلىشىدىن شەپىنى.

شۇنداقتىمۇ بەربىر مەن ئالدىڭغا بارىمەن،
قالدۇق ھېچنە گۈللىرىم تارتۇقلىغاي پاقىنى.

سەن كېلىسەن بەربىر، سەن كېلىسەن بۇياققا
بېسىپ مەينەت جاھاننى، بېسىپ زۇلمەت قېتىنى.

كېلەلمىسۇن دەپ سېنى، بارالمىسۇن دەپ مېنى
كۈندۈزمۇ ھەم بەرمەيدۇ كېلىشىدىن شەپىنى.

مېنى ساڭا ئۆلسۇن دەپ، سېنى ماڭا ئۆلسۇن دەپ
كېلىشىدىن كۈنۈتۈن بەرمەس ئەتەي شەپىنى.

---

①② ئۆسۈملۈك نامى.

## ئۆلۈك بالا ھەققىدە ناخشا

ئۆلۈپ قالار بىر كىچىك بالا
ھەر ئاخشىمى گىرىنادادا
ھەر ئاخشىمى دوستلىرى بىلەن
دەردلىشىدۇ سۇلار دەرىيادا.

مۇردىلاردا مۇخلاردىن قانات.
ئىككى شامال ـ ئىككى قىرغاۋۇل
پەرۋاز قىلار مۇنارلار ئارا
كۈندۈز بولسا ياردار بالا.

سېنى مەي غارىدا ئۇچراتقىنىمدا،
يوق ئىدى تورغايىنىڭ سايىسى كۆكتە.
تۇنجۇقۇپ سەن سۇغا چۆكۈۋاتقاندا،
بۇلۇتنىڭ سايىسى كۆرۈنمەس يەردە.

تاغلاردىن غۇلايدۇ بەھەيۋەت بىر سۇ،
ئىت بىلەن گۈلسامساق ۋادىنى باستى.
قەھرىتان پەرىشتە ۋۇجۇدۇڭ سېنىڭ
قولۇمدىكى بىنەپشە سايىنىڭ ئاستى.

## تالادىكى چۈش

يەسمەنگۈلى ھەم سويۇلغان بۇقا.
چەكسىز يول

خەرىتە زال
چىلتار
تاڭ
يەسمەن بۈقىنى چۈشىدى قىزچاق ـــ
بۈقا ھۆركىرىدى، قانىغان ئاخشام.

مۈبادا بىر گۆدەك بولسىدى ئاسمان
كېچىنىڭ يېرىمى بولار يەسمەن ـــ
ماۋى مەيداندىكى ئىگىسىز بۈقا،
تۈۋرۈك يېنىدىكى يۈرەك ھەم تىمەن.

بىراق، يەسمەن، ئۇ قېنى يوق بىر سۇ
بەھەيۋەت بىر پىلغا ئوخشايدۇ ئاسمان.
تۈنىنىڭ بىر شېخىغا ئوخشايدۇ قىزچاق
چەكسىز يول باغرىدا سوزۇلۇپ ياتقان.

## ئالتۇن قىز قەسىدىسى

ئالتۇن قىز
يۇيۇنسا سۇدا
ئالتۇنىنىڭ رەڭگىگە كىرىدۇ سۇمۇ.

سۇ ئوتلىرى ھەم دەرەخ شاخلىرى
قىزنىڭ بەدىنىگە بولىدۇ دالدا
ئاپپاق قىزغا بولىدۇ مۇپتىلا
بىر بۇلبۇل ئاھ ئۇرۇپ كۈيلەيدۇ مۇندا:

تۈن سوزۇلۇپ كېلىدۇ
كۈمۈش يامبۇ رەڭگىدە
كۆرۈنىدۇ يالىڭاچ تاغلار
دۇغ شامالنىڭ تېگىدە.

سۇ يۈزىدە ئاقىرىپ
چۆمۈلەر قىز يالىڭاچ
سۇمۇ كەتكەن پارلىنىپ.

تاڭ كېلىدۇ پاكىز
يۈزلەپ ئىنەك شەكلىدە
قىروۋ گۈلچەمبەرلەرنى
نەقىشلەپ تەنلىرىگە.

يېشى تارام ئاققان قىز
سۇنما ئاتەش كىيدۈرگەن
بۇلبۇللار قىلىپ نالە
قانىتىنى كۆيدۈرگەن.

ئالتۇنۇم، تىللا قىزىم
ئاققوتاندەك[1] غۇبارسىز
سۇمۇ تىللا رەڭگىدە.

① قۇش نامى.

## قارا كەپتەر قەسىدىسى

دارچىن شېخىغا قونغان
ئىككى قارا كەپتەر بار
بىرى قۇياش، بىرى ئاي.
سورىدىم مەن:
— قوشنىلار،
قەبرەم بولۇر قايسى جاي؟
— قۇيرۇقۇمدا، — دېدى قۇياش
— تامغىقىمدا، — دېدى ئاي.
بېلىمگىچە يەرگە پېتىپ،
يوللارنى مەن مول يۇردۇم.
ئىككى ئاپپاق بۈركۈتنى ھەم
يالىڭاچ قىزنى كۆردۈم.
ئىككى بۈركۈت بىردەك ئىدى
قىز يېگانە بىردەك ئىدى.
سورىدىم مەن:
— قوشنىلار
قەبرەم بولۇر قايسى جاي؟
— قۇيرۇقۇمدا، — دېدى قۇياش
— تامغىقىمدا، — دېدى ئاي.
دارچىن شېخىغا قونغان
ئىككى قارا كەپتەر بار.
ئوخشاش ئىدى ھەر ئىككىسى
يوقتۇر ئۆزگە تەڭدىشى

## شائىرنىڭ مەشۇقىدىن مەكتۇپ تەلەپ قىلىپ يازغان خېتى

تىرىك ئۆلۈم كەبى تېرەن مۇھەببەت،
بىر ئېغىز سۆزۈڭنى كۈتتۈم بىھۇدە.
ئۈيلىدىم سولاشقان گۈللەرگە قاراپ
ياشىماق تەس ئىكەن جۇدالىق كۈندە.

ھاۋا ئۆلمەيدىغان، تاشلاردۇر غايىل
نۇر بىلەن زۇلمەتنىڭ پەرقى يوق ئاڭا
خەستە يۈرىكىمگە، ئايدىن ساقىغان ــــ
مۇزدەك شەربەتلەر نە كېرەك ماڭا؟

سەن ئۇچۇن قايغۇرۇپ، تومۇرلىرىم قان
نازۇك بەللىرىڭدە يولۋاسۇ - كەپتەر
ئېلىشار بىنەپشە بىلەن چار يىلان.

تولدۇر سۆزۈڭ بىلەن جۇنۇن كامىنى
مەن ياشاي، بەر ماڭا تۇن ئارامىنى
روھىمنى چىرمىغان زۇلمەت دامىنى.

## تاتلىق شىكايەت

ئايرىلىشتىن قورقىمەن، جىنىم
كۆزلىرىڭدە چاقنىغان نۇردىن.
يۈرىكىمدە ئۈنگەن ئەتىرگۈل
ياناغىمغا تەگمىگەن تۇندىن.

بولغىنىمدەك دەرەخسىز قىرغاق،
دىلىم ئاچچىق، چېچەكسىز قۇرتقا.
يوق شىرنە ھەم ئەلەملىك تۇپراق،
ھەممە نەرسەم چىقىدۇ يوققا.

بولساڭ ئىدى مېنىڭ دىلدارىم،
يەنە چار مىخ، ئازابلىق غارىم،
ئىت بولسامۇ، كەلمەيدۇ ئارىم.

يوق بولمىسۇن شۇ تاپقانلىرىم
زىننەتلىسۇن دەريالىرىڭنى
سېھىرگە باي كۆز ياپراقلىرىم.

(جاۋ جىنجاڭ تەرجىمە قىلىپ تۈزگەن، خۇاشيا نەشرىياتى 2007 ـ يىلى نەشر قىلغان خەنزۇچە «گارسىيە لوركا شېئىرلىرىدىن تاللانما» ناملىق كىتابقا ۋە شاۋكەت راخمان تەرجىمىسىدىكى «ئەڭ قايغۇلۇق شاتلىق» ناملىق ئۆزبېكچە توپلامغا ئاساسەن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى.)

# نازىم ھېكمەت شېئىرلىرىدىن



[ئىلاۋە: نازىم ھېكمەت (1902 ــ 1963) تۈركىيە شائىرى بولۇپ، كۆپ يىللار تۈرمىدە ۋە مۇساپىرەتتە ياشاپ ئۆتكەن. ئۇ شېئىرىيەت، پىروزا ۋە باشقا ژانىرلاردا نۇرغۇن ئەسەرلەرنى قالدۇرغان بولۇپ، ئەسەرلىرى دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان. دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە بۇ شائىر قېرىنداش ئۆزبېك ئەدەبىياتى ئۇستازلىرىدىن غاپۇر غولام، خەمىت ئالىمجان، مىر تۆمۇر قاتارلىقلار تەرىپىدىن ئۆزبېك ئوقۇرمەنلىرىگە خېلى كەڭ تونۇشتۇرۇلغان. ئەمما، ئۇ ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىگە نىسبەتەن ئۇنچە بەك تونۇشلۇق ئەمەس.

نازىم ھېكمەتنىڭ سىياسىي كەچۈرمىشلىرى مۇرەككەپ، شېئىرلىرى نازۇك ۋە ھېسسىياتلىق. ]

### كىم بولسام بولار؟

دېڭىزنىڭ ئۈستىدە سېرىق بۇلۇت،
دېڭىزنىڭ ئۆزىدە كۈمۈش كېمە،
دېڭىزنىڭ ئىچىدە بېلىق،
دېڭىزنىڭ تەكتىدە ماۋى سۇ ئوتى،

دېڭىزنىڭ لېۋىدە يالىڭاچ ئادەم
ئۆرە تۇرغىنىچە ئويلار:
كىم بولسام بولار —
بېلىقمۇ،
بۇلۇتمۇ،
كېمىمۇ،
سۇ ئوتىمۇ؟
ھېچقايسىسى بولمايمەن ھېچقايسىسى،
دېڭىز بولماق كېرەك، ئۇكىجان
بېلىقلىق،
سۇ ئوتىلىق،
كېمىلىك،
بۇلۇتلۇق.

1950 - يىلى

## قىز بالا

ئېچىڭ، ئىشىكلەرنى قاققان مەن - مەن،
بىر - بىرلەپ قېقىپ چىققىم ئىشىكلەرنى.
مەن سىزنىڭ كۆزىڭىزگە كۆرۈنمەيمەن،
قانداقمۇ كۆرۈش مۇمكىن ئۆلۈكلەرنى.

مەن ئۆلگەنمەن خىروشىمادا،
يىللار ئۆتتى، ئۆتتى زامانلار.
يەتتە ياشلىق قىزدۇرمەن ھامان،
چوڭايمايدۇ ئۆلگەن بالىلار.

چاچلىرىمغا تۇتاشتى ئوتلار،
ئىككى كۆزۈم ياندى، قورۇلدى.
بىر ئوچۇم كۇكۇنغا ئايلىنىۋەردىم،
كۇكۇنۇم شاماللارغا سورۇلدى.

سىلەردىن پەقەت ئۆزۈم ئۇچۇنلا،
ھېچقانداق نەرسىنى سورىمايمەن ئەسلا.
بىر قوشۇق شېكەرمۇ ئۆتمەس زادىلا،
بىر ۋاراق قەغەزدەك كۆيگەن بالىغا.

ئېچىلگ ئىشكلەرنى قاققان مەن ـ مەن،
قول قويسۇن ھەر ئىنسان، قىشلاق ۋە شەھەر.
بۇنىڭدىن كېيىن بالىلار ئۆلتۈرۈلمىسۇن،
يېيەلىسۇن بۇنىڭدىن كېيىن بالىلار شېكەر.

1956 ـ يىلى

## قورالسىز ئىنسانلار

بەش قىتئە ئىچىدىن باشلاشتى سەپەر،
كېتىشتى شىمالغا، ئۇدۇل كېتىشتى.
ئورمانلار، قىيالار، كۆللەر، دېڭىزلار
شەھىرىگە يېتىشتى، يېتىپ بېرىشتى.

شەھەر يېشىل ئىدى، ئۇلار قورالسىز،
يۈرىكىنى كۆرسەتتى ھەربىر ئىنسان.
ھەر يۈرەكتە گۈزەللىك بار ئىدى چەكسىز
ھاياتتا سۆيگۈلەر قىلىندى بايان.

كېچىلەر ئاق ئىدى، سالقىن كۈندۈزلەر
يۈرەك كۆرىكىدىن ئىسسىق شاماللار
تۆمۈرچى دۇكىنىدىن تۇغۇلار سۆزلەر —
ئۆلۈم دەھشىتىدىن كۈچلۈك ناۋالار.

1956 ـ يىلى

## ئۈمىدۋارلىق

شېئىرلارنى يازدىم
بېسىلمىدى.
بېسىلدى، ئەمما.

بىر مەكتۇپ كۈتمەن خۇش خەۋەرلىك،
ئېھتىمال، ئۆلگەن كۈنۈم كېلەر،
چوقۇم كېلىدۇ، ئەمما.

دۆلەت ھەم بولمىسا، پۇل ھەم بولمىسا،
ئىنسانىنىڭ ئەركىدە بولسىكەن دۇنيا،
بەلكىم، يۈز يىل كېيىن شۇنداق بولار
چوقۇم شۇنداق بولىدۇ، ئەمما.

1957 ـ يىلى، موسكۋا

## سەھەر

بۇ سەھەر ئۇيقۇدىكى ئۆيگە
ئۇچقۇق دېرىزىدىن كىرگەن شولا
تۇندىن قالغان يالغۇز يۇلتۇزدەك.
پەشتاقلاردىن چۈشتۇم مەن ئاستا،
ئاندىن ئورمانغا چىقتىم باغچىدىن
سالقىنلاپ تۇردۇم، بۇ سەھەر
دەرەخلەردە ياش بىر ئانا شەپقىتى
تاش كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپتۇ يولۇچىلار.

1958 - يىلى، ۋارشاۋا

## يولدا

يولدا كېتىپ بارار بىر شائىر
دېڭىزىدا دۇنيايىمىزنىڭ
قارىغانچە بىر يۇلتۇزغا.
يولدا كېتىپ بارار بىر شائىر
يۇلتۇزلارنىڭ بىرىدىكى بىر دېڭىزدا
قارىغانچە دۇنيايىمىزغا.
يولدا كېتىپ بارار شائىرلار
دېڭىزلىرىدا كائىناتنىڭ
قارىغانچە بىر - بىرىگە.

1960 - يىلى، ئاق دېڭىز

## قوشاق

ئىنسانلارنىڭ قوشاقلىرى ئىنسانلاردىن گۈزەل،
ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىدىن ئۆمىدلىك،
ئۆزلىرىدىن مەيۈس،
ئۆزلىرىدىن ئۆمۈرلۈك.
سۆيدۈم ئىنسانلاردىن كۆپرەك قوشاقلىرىنى
ئىنسانلارسىز ياشىيالىدىم،
لېكىن، قوشاقلارسىز ياشىيالمىدىم.
گۈلۈمنى ئالدىغان چاغلىرىم بولدى،
لېكىن، قوشاقلارنى ئالدىيالمىدىم.
قوشاقلار ئالدىمىدى ھېچبىر زامان.
قايسى تىلدا ئېيتىلسۇن
قوشاقلارنى ئاڭلىدىم.
بۇ دۇنيادا تاپقان، يىغقانلىرىمنىڭ،
كەزگەن ۋە تۈزگەنلىرىمنىڭ،
كۆرگەن ۋە ئىشىتكەنلىرىمنىڭ،
قول تەگكۈزگەن ۋە ئويلىغانلىرىمنىڭ،
ھېچبىرى ۋە ھېچبىرى
بەختىيار قىلالمىدى قوشاقلار كەبى.

1960 ـ يىلى

## دۇنيانى بالىلارغا بېرەيلى

دۇنيانى بېرەيلى بالىلارغا،
ھېچبولمىسا بىر كۈنلۈك،

رەڭدار پۆپۈكتەك قىلىپ بېرەيلى
ئوينىسۇن ئۇلار
ئوينىسۇن قوشاقلار توۋلاپ
يۇلتۇزلارنىڭ ئارىسىدا.
دۇنيانى بالىلارغا بېرەيلى
كىچىككىنە بىر ئالما كەبى
ئىسسىققىنە بىر نان بۇردىسى كەبى
ئۇلار قانسۇن ھېچبولمىسا بىر كۈنلۈك.
دۇنيانى بالىلارغا بېرەيلى
بىر كۈنلۈك بولسىمۇ چۈشەنسۇن
دۇنيانىڭ ھەمجەھەتلىكىنى.
بالىلار دۇنيانى ئالار قولىمىزدىن
تىكەر ھەم قۇرۇماس دەرەخلەرنى.

1962 ـ يىلى، موسكۋا

(ئۆزبېكچە «بالىلارغا بېرەيلى دۇنيانى» ناملىق توپلامدىن تەي-
يارلاندى.)

# نەجىب فازىل شېئىرلىرىدىن



[ئىلاۋە: ئاخمەت نەجىب فازىل قىساكۈرەك (1904 — 1983) 20 ـ ئەسىر تۈركىيە ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك ۋەكىللىرىدىن بىرى. ئۇ شائىر، پىروزايىك، دىراماتورگ ھەم پەيلاسوپ. نەجىب فازىل باشقا ھازىرقى زامان شائىرلىرىدەك شەكىل ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىكى ئۆزگىچىلىكلەرگە ئانچە بېرىلىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، روھىي ھادىسىلەر ۋە ئىنچىكە ھېسسىياتنى ئىپادىلەشتە ئاجايىپ چوڭقۇرلۇقلارنى يارىتىشقا مۇۋەپپەق بولغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا تېرەن پەلسەپىۋىلىك، ئۆتكۈر سىياسىۋىلىك، گۈزەل ئىنسانىي غايىلەر ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. ]

### دەيمەن

يەر يۈزىدە يالغۇز مەنلا دەيمەن ئاھ،
يەر يۈزىدە يالغۇزمەن دەربەدەرمەن.
ھەركىمنىڭ بېشىدا بولسا بىر پاناھ،
مەن پۈتكۈل دۇنيانى مېنىڭكى دەيمەن.

يىللاپ ئىلىپ يۈردۈم سەركەش بېشىمنى،
بىر ئۆمۈر ئىزدىدىم ئۆز يولداشىمنى،

ئۆلسەم، قويۇلماس شۇ مازار تېشىمنى،
ئۆزۈمگە مەن ئۆزۈم لەنەت ئېتەرمەن.

كۆڭلۈم نە دەردلىكتۇر، نە ھەم بەختىيار،
نە ھەم ئۆزىگە يار، نە ئۆزگىگە يار،
بىر چۈشىنىڭ دەردىدە مەن دىيار ـ دىيار.
كۆلكەمنى باشلىبان ئالغا كېتەرمەن.

## مەندىدۇر

ئۇشبۇ يالغۇزلۇقتا بۇنچە غەم، ئازاب،
ئۆتۈپ بولمايدىغان دىۋار مەندىدۇر.
كېمىلەر كەڭلىككە چىقاركەن شۇتاپ،
ئويلايمەن —
 بارغۇسى دىيار مەندىدۇر.

يارام بار، تېپىلماس قۇيغىلى مەلھەم،
يۇكۈم بار، ئالغىلى يەتمىگەي دەرھەم،
بېسىلماس يوللارغا چۈشمىگەي كۆلكەم،
يولكىم، ئاللاسىرى بارار مەندىدۇر.

## ئانىجانىم

ئاق چاچلىق بېشىڭنى چاڭگاللاپ، ئەلھال،
قارا خىياللارغا تال، ئانىجانىم

ئۇ تىترەك قەلبىڭنى شەبنەم مىسالى،
شاماللار باغرىغا سال، ئانىجانىم.

دېمەككىم، بۇ زۇلمەت تۈگەيدۇ بىركۈن،
تۈنلەرنىڭ كەينىدە كېلەر پەقەت تۈن.
گۈدەكلەر يىغلايدۇ، ئانىلار دىلغۇن،
ئۇ ياشلىق كۆزلەردە قال، ئانىجانىم.

كۆزۈڭدە يوقلۇقتىن ئېغىر خەۋەر بار،
سەن ئۈچۈن كەتكۈدەك بۈيۈك خەتەر بار.
كۆڭلۈمدە كەچتىكى، بۇ قىش سەپەر بار،
ئۆزۈڭلا مېنى ھەم ئال، ئانىجانىم.

## كەل

سەۋەبسىز قورقۇشتىن چىرايىڭ ئۆچۈپ،
بېشىڭغا ئارتقىنىڭ ــــ قارا بىلەن كەل.
ئارقاڭدىن ئەگەشسۇن ھال ئۈپۈق كۆچۈپ،
ئۈستۈڭدە زىم ـ زىيا قاغا بىلەن كەل.

قولۇڭدىن نوتىدەك چۇشەركەن ئۈمىد،
نە بىر ھەسرىتىڭلا، نە بىر ئاھ ئىشىت.
بىر ياپراق بولۇبان، شامالغا يىت،
سۇنۇق بىر قېيىق بول، دولقۇن بىلەن كەل.

## ۋىدا

قولۇمدا سوكوتىنىڭ ئونىنى ئاڭلا،
ئاڭلا - يو، كۆڭلۇمنى چۇشەپ ئال ئەمدى.
چاچلىرىمنى ئوينا، ماڭا باق، ئاڭلا،
ياشلىق كۆزلىرىمگە پېتىپ قال ئەمدى.

كېتىۋەر، مەيلى مەن قالاي يىراقتا،
كېتىۋەر، كۆزلەردىن يىتكىن يىراقتا.
يولۇڭ بوريلاركەن، ئارتقا بىر باق - دە،
كوچىدا بىر لەھزە قېتىپ قال ئەمدى.

ئۇمىدىم يىللارنىڭ سىلىغا چۇشتى،
چېچىڭنىڭ ئەڭ تىترەك تېلىغا چۇشتى.
قۇرۇغان ياپراقتەك قولۇڭغا چۇشتى،
ئىسسىقىڭ شامالغا پېتىپ قال ئەمدى.

## ئانامغا خەت

مەڭگۇ بۇ غۇربەتتە بولغىنىم بولغان،
كۇنمۇكۇن سارغىيىپ، سۇزۇلمەكتىمەن.
ھەر كېچە ئىچىگە مەرمەر چۇشەلگەن —
بىر سوغۇق ياتاقتا مۇزلىماقتىمەن.

شۇ لەھزە بىر زامان قالغىنىم زامان،
كېچىنى قوينۇمغا ئالغىنىم زامان.

كۆز يۇمۇپ خىيالغا تالغىنىم زامان،
يېڭىدىن يوللارغا تىزىلماقتىمەن.

سوڭ كۇنۇم يېقىنلاپ كېلەر مەن تامان،
ئالدىمدا بىر قەدەم يول يوقتۇر، ئايان.
يۇزۇڭنى كۆرمەستىن ئۆلدۇم، ئاھ دىبان،
ئۇزۇلمەكتىمەن، ئاھ ئۇزۇلمەكتىمەن.

## غۇربەت

تاغدا تەمتىرەركەن، ياقما قەندىلنى
سۇنۇق كۆزلىرىمنى داغلىما، غۇربەت!
نېمىلەر دېمەس ئاقار سۇلارنىڭ تىلى،
سۇكۇتتە پەريادقا چۇلغانما، غۇربەت.

تىترەك قوللىرىڭدا تۇتۇپ سەن نەشتەر،
ماڭلىيىمغا ئىزلار سالمىغىن، يېتەر.
شامنىڭ شولىسىغا بۆلۇنۇپ بەتتەر،
تاملارغا بوز رەڭلەر باغلىما، غۇربەت.

گۇل ئۆستۇرگەن باغۋەن كەبى ھەۋەستە،
كۆزۇمدە دەردلەرنى جەم ئەتكىل ئاستا!
پەقەت ئانام كەبى ئىللىق بىر سەستە[1]،
ئىچىمدە بوغۇلۇپ يىغلىما، غۇربەت.

(يۇقىرىقى شېئىرلار ئۆزبېكچە «جاھان ئەدەبىياتى»نىڭ 1999 ـ يىللىق يانۋار سانىدىن تەييارلاندى.)

① سەس — ئاۋاز، ئۇن.

# ئالېكساندىر بىلوك شېئىرلىرىدىن



[ئىلاۋە: شائىر ئالېكساندىر ئالېكساندىروۋىچ بىلوك (1880 – 1921) رۇسىيە شېئىرىيەت مۇنبىرىدىكى گىگانت شەخسلەرنىڭ بىرى.

ئۇ پېتىربورگتىكى بىر ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ، ئەۋزەل ئائىلىۋى شارائىت ئاستىدا سۈپەتلىك تەربىيە كۆرگەن. 1898 – يىلى پېتىربورگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قانۇن فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرىپ، 1901 – يىلى شۇ مەكتەپنىڭ تارىخ – تىلشۇناسلىق فاكۇلتېتىغا يۆتكىلىپ ئوقۇغان. 1906 – يىلى ئوقۇش پۈتكۈزگەن.

بىلوك «ئاياللارنىڭ مېھرىبانلىقى ئاستىدا قوپال، ياۋايى تۇرمۇشتىن خالىي» چوڭ بولغاچقا، نازۇك خاراكتېر ئىگىسى ئىدى. ئۇنىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرى زىل روھىيەت ھادىسىلىرى بىلەن كۆپرەك باغلانغان، سەنئەت جەھەتتە ئېستېتىزم، رومانتىزم، سىمۋولىزم خاھىشلىرىنى نامايان قىلغان. شائىر مەشھۇر خىمىك مېندېلېيېفنىڭ قىزىغا ئاشىق بولۇپ، ئۇنى ئۆزى ئىزدەپ يۈرگەن باقىيانە شېئىرىي نازاكەتنىڭ سىيماسى دەپ قارىغان، ئۇنىڭغا بېغىشلاپ نۇرغۇن لىرىك شېئىرلارنى يازغان ۋە ئۆزىنىڭ مۇھەببەت، ئۈمىد، ئازاب، تەنھالىق تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلىگەن.

بىلوك ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن رېئاللىققا يۈزلىنىپ، بىر قىسىم لىرىكىلارنى يازغان. ئۇنىڭ «ئون ئىككى» ناملىق داستانى مۇشۇ خىلدىكى ئەسەرلەرنىڭ ئۈلگىسى. ئەسەردە

شائىر سىمۋوللۇق ئۇسۇلدا ئەينى دەۋردىكى ئىنقىلاب بىلەن كونا دۇنيا، ئۇرۇش بىلەن مۇھەببەت، نامراتلىق بىلەن ھۆرلۈك ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن زىددىيەتلەرنى ئوبرازلىق سۈرەتلەپ بەرگەن.

كىتابخانلىرىمىز رۇسىيە سىمۋولىزم شېئىرىيىتىنىڭ يىرىك نامايەندىسى سۈپىتىدىكى بۇ داستان ئارقىلىق ئۇنىڭ ئاددىي - ساددا تىل، مۇرەككەپ قاتلام، ئۆتكۈر رېئال تۇيغۇدىن تەركىب تاپقان شېئىرىيەت ئۇسلۇبىدىن مەنپەئەتدار بولغۇسى. ]

## ئون ئىككى

(داستان)

1

قارا ئاخشام.
ئاپپاق قار.
شامال، شامال!
ئادەملەر تۇرالماي يىقىلار.
شامال، شامال —
يەر - جاھاننى بىر ئالار.

ئاپپاق قارنى،
شامال توزۇتار
قار ئاستىدىكى مۇز
كۆرۈنۈپ قالار.
ھەربىر يولۇچى
تېيىلىپ كېتىدۇ.

ھەي بىچارىلەر.
بىنادىن بىناغا،
تارتىلغان ئارقان
ئۈنىڭغا پىلاكات ئېسىلغان:
«ھوقۇق مەنسۇپ قۇرۇلتايغا»①
موماي ھەسرەتتە
تاشلىدى يىغلاپ
ئىشنىڭ ۋەجىنى
بىلەلمەي ئويلاپ
نېمە قىلار پىلاكاتنى
ئىسراپ قىلىپ
شۇنچە كۆپ رەختنى؟
چىقاتتى باللارغا پايتىما قانچە
يالاڭ ئاياغ،
يالىڭاچ يۈرەر بارچە.

مىڭىپ موماي توخۇدەك
كۇلتۇك قاردىن ئۆتىدۇ تەستە.
— ئاھ، باشپاناھىم
مەريەم ئانا،
— بولشېۋىكلار ئادەمنى
كۆممەكتە مانا.
قاتتىق شامال!
ئەزۋەيلىدى قەھرىتان!
ياقىسىغا تىقىپ

① بۇ 1918 - يىلى يانۋاردا رۇسىيەدىكى ھەرقايسى بۇرژۇئا سىياسىي پارتىيەلىرى ئوتتۇرىغا قويغان ئەكسىلئىنقىلابىي شوئار بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئۇلار بولشېۋىكلارنىڭ «ھاكىمىيەت سوۋېتلىكلەرگە مەنسۇپ» دېگەن شوئارىغا قارشى تۇرغان.

تۇمشۇقىنى
بىر بۇرژۇئا
دوقمۇشتا تۇرىدۇ ئاران
كىم ئۇ؟ — چاچلىرى پاخپايغان
دەيتتى بىراۋ پىچىرلاپ
— ساتقۇنلار!
— بەربات بولدى رۇسىيە!
يازغۇچىمىكىن ئۇ —
ناتىقمىكىن - يا!
كىيگەن ئۇزۇن تون —
كېتىپ بارغان بىر چەتتە يۈرۈپ
خۇشال ئەمەس نېمىشقا شۇتاپ
يولداش پوپ؟

ئېسىڭدىمۇ، بۇنىڭدىن بۇرۇن
قورساق سۆرەپ چىققانتىڭ ئالغا
قورسىقىڭدا كىرېست.
چاقناپ كۆرۈنەتتى پۇقراغا؟

خۇرۇم پەلتو كىيگەن بىر خېنىم
يەنە بىر خېنىمغا
قالدى دوقۇرۇپ
— بىز يىغلىدۇق، قاقشىدۇق...
تېپىلدى
هەم گۇپپىدە يىقىلدى!

هەي، هەي!
قوپ، بولمىسا ئۆمىلە!

كەپسىز شامال
تېرىكتۈرەر، خۇشال قىلار.
ئېتەكلەرنى قايرىپ تۇرار
ئادەملەرنى يىقىتار
تىتىلىپ يىرتىلار،
پومىلىنار
ئاشۇ يوغان پىلاكات:
«هوقۇق مەنسۇپ قۇرۇلتايغا!»

ئېلىپ كېلەر
شامال مۇنۇ سۆزلەرنى.[1]
... بىزدىمۇ قۇرۇلتاي...
... مانا مۇشۇ بىنادا...
...كېڭەش قىلدۇق —
چىقاردۇق قارار:
سائەتىگە ئون رۇبلى،
بىر كېچىگە يىگىرمە بەش...
ئۇنىڭدىنمۇ كەم بەرسە.
هېچكىممۇ ئالماس...
... نېمە قىلىمىز ئۇخلىماي...

يېرىم كېچە.
كوچا قۇپقۇرۇق
بىر جاهانساز
تۇرار مۇكچىيىپ
شامال تۇرار ئۇشقۇيتۇپ...
ئەي، بىچارە!
كەل، سۆيۈشەيلى...

[1] دوقمۇشتىكى پاهىشىلەرنىڭ سۆزى.

بولكا!
كېيىن قانداق بولار؟
مېڭىڭلار!

قارا، قارا تۈنىنىڭ ئاسمىنى.
شۇملۇق، ئاھۇ زارغا
تولغان شۇملۇقلار
پورۇقلايدۇ كۆڭۈلدە...
قارا شۇملۇق،
مۇقەددەس شۇملۇق...
يولداش! ئىخلاستا
ئاۋايلاپ قارا

2

شامال قىيغىتار،
قارلار پىرقىرار،
ئون ئىككى ئادەم
ئىلگىرىلەپ ماڭار.

مىلتىقلاردا قارا تاسمىلار،
ئەتراپلاردا يانىدۇ ئوتلار...

ئېغىزدا تاماكا،
مىجىلغان شەپكە،
يەلكىلەرگە غىشنىڭ تۈزى
كەشتىلەنسە![1]

---

① قىزىل غىشنىڭ تۈزى — ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى ئېغىر جازا بېرىلگەن جىنايەتچىلەرنىڭ دۈمبىسىگە شۇ شەكىلدىكى قىزىل لاتا تىكىپ قويۇلاتتى.

ئەركىنلىك، ئەركىنلىك
ھەي، ھەي، كىرىپتسىز بولسا[1]

تىرا ـ تا ـ تا.

سوغ ـ ھە، بۇرادەرلەر،
بەكلا سوغ!
— ۋانكا بىلەن كاتىكا قاۋاقتا....
ئايالىنىڭ پۇلى بار پايپاقتا!
— بېيىپ قالدى ۋانيوشكا شۇ تاپ...
— بىزنىڭ ئىدى،
ئەمدى ئۇ بولۇپتۇ ئەسكەر!

— ھەي، ۋانكا دېگەن بۇرژۇئا،
ئىتنىڭ بالىسى
سۆيەلەمسەن،
سىناپ باق مېنىڭكىنى!

ئەركىنلىك، ئەركىنلىك
ھەي، ھەي، كىرىپتسىز بولسا!

كاتىكا بىلەن ۋانكا ئالدىراش
نېمىگە، نېمىگە؟...

تىرا ـ تا ـ تا!

ئەتراپلاردا يانىدۇ ئوتلار...
مىلتىق تاسمىسىنى

① دىنسىز دېگەن مەنىدە.

ئاسقىن مۆرىگە...
ئىنقىلاب سىپىدە بولۇڭلار مەردان!
تىنىمسىز دۈشمەنلەر
ئۈگدىمەس ھامان!

بۆرادەر، ئال قورالنى،
قورقما ھەرگىز!
مۇقەددەس رۇسىيەگە
ئوقنى تەگكۈز —
ئاشۇ مەزمۇت،
ئاشۇ قىشلاق.
ئاشۇ قوپال رۇسىيەگە!

ھەي، ھەي، كىرېستسىز بولسا.

3

كەتتى بىزنىڭ باللار
گىۋاردىيەگە خىزمەتكە —
جاننى قۇربان ئەتمەككە.

ئاھ، سەن ئازاب سۇلتانى،
شېرىن ھايات ئارمانى!
جۇل - جۇل شىنىل.
ئاۋسترىيە قورالى![1]

جاپا تارتسۇن بۇرژۇئا،
ئوتتا قالسۇن كەڭ دۇنيا،

---

① سۇپىتى ناچار كونىچە قورال.

دۇنياۋى ئوت تومۇردا —
مەدەت بەرگىن، ئەي، خۇدا![1]

4

قار پىرقىرار، هارۋىكەش توۋلار،
ۋانكا بىلەن كاتىكا ئۇچار –
چوقايدا كىچىك پانار...
هاي، هاي، يولنى بوشىتىڭلار!...

كىيىپ ئەسكەر چاپىنى
ئوخشىغان ئۇ مەتۇغا
قولى بىلەن
تولغاپ قارا بۇرۇتنى
قىلار هەزىل پاراڭنى....

قاراڭلار، ۋانكىغا
— يەلكىسى كەڭ!
قاراڭلار، ۋانكىغا
سۆزگە بەك چېچەن!
قۇچاقلاپ
كاتىكا دېگەن ئەخمەق قىزنى
ئېيتىدۇ
شېرىن – شېكەر سۆزلەرنى...

كاتىكا بېشىنى
ئەگدى كەينىگە،

---

① ئەينى ۋاقىتتا خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن قوشاقلاردىن ئېلىنغان.

چىشلىرى كۆرۈندى
ئوخشاپ ئۈنچىگە...
ئەي، كاتيە، مېنىڭ كاتيەم[1]
يۈزى قىلىن كاتكا...

5

ئەي، كاتيە بوينۇڭدا،
تېخى تولۇق پۈتمەپتۇ يارا.
كاتيە،
كۆكسۈڭدە بار يېپيېڭى يارا!
ھەي، ھەي كېلىپ ئۈسسۈل ئوينا!
بۈدرۈق پۈتۈك تولغاندۇر تازا!

ماڭدىڭ كىيىپ گۈللۈك ئىچ كۆڭلەك
ماڭغىن، يەنە مېڭىۋەر!
ئوينىدىڭ سەن ئوفىتسېر بىلەن —
ئوينا، ئوينا يۈرۈۋەر!

ھەي، ھەي، راسا ئويناغىن!
تېپچەكلىسۇن يۈرىكىڭ!

شۇ ئوفىتسېر، كاتيە
قۇتۇلالماس تىغىمدىن...
ئېسىڭدىمۇ، جەللىگۈر؟
چىقاردىڭمۇ يادىڭدىن؟

① كاترىنانىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى.

تۇتقىن ئېنىق ئېسىڭدە،  
ئىككىمىز ھەمىشەم  
بولايلى بىللە!

كىيىپ كۆل رەڭ كالاچنى،  
يېدىڭ  
«ئېزىتقۇ قىز» ماركىلىق شاكىلات،  
ئوفىتسېر بىلەن ئويناپ —  
ئەمدى قالدىمۇ سولدات؟

ھەي، ھەي ئوينا،  
پاتقىن گۇناھقا!  
كۆڭلۈم ئارام تاپىدۇ شۇندا!

6

... يەنە شۇ ھارۋا،  
ھارۋىكەش تېزلىتەر تووۋلاپ...  
توختا! ياردەم قىل ئاندىرۇخا!  
كەينىمدىن كەل، پېتىرۇخا!...

تىرا ـ تىرارا ـ تا ـ تا ـ تا!

قارلار ئۇچار ھاۋادا.  
ھارۋىكەش  
ۋانكا بىلەن قېچىپ كەتتى!...  
يەنە بىر رەت باسقىن تەپكىنى!.....

تىرا ـ تىرارا! بىلدىڭمۇ مانا،
غەيرىي قىز بىلەن
بولۇشنى ئاشنا!...

قاچتى ئۇ ئەبلەخ!
توختا، خەپ توختا،
ئەتىلا ساڭا سالىمەن نوختا!

كاتىكا قەيەردە
ئۆلدى، ئۆلدى!
ئوق كېلىپ ئۇنىڭ
بېشىغا تەگدى!

خۇشالمۇ سەن، كاتىكا؟
كەلمىدى سادا...
جەسىتىڭ تىپتىنچ
يېتىپتۇ قاردا!....

ئىنقىلاب سېپىدە
بولۇڭلار مەردان!
تىنىمسىز دۈشمەنلەر
ئۇگدىمەس هامان!

7

كەلمەكتە يەنە
ئون ئىككى ئادەم،
ئۆشنىسىگە ئېسىلغان قورال.

پەقەت شۇ بىچارە قاتىلنىڭ
چىرايى تاتارغان
ئەھۋالى ئوسال...
قەدىمىنى تېزلەتتى
يولنى قىلغانچە داۋام
ئۇنىڭ بوينىدا شارپا،
ئەمەس كۆڭلى شاد ـ خۇرام.

— يولداش، نېچۇن ھالىڭ پەس؟
— بارمۇ سەندە ئەندىشە؟
– پېتىرۇخا، نېچۇن بېشىڭ پەس؟
كاتىكادىن دەردىسەر؟

ئەي، سۆيۈملۈك يولداشلار،
سۆيگەنىدىم بۇ قىزنى..
ئۆتكۈزگەنتۇق تالايلاپ
قاپقاراڭغۇ، گۈزەل كېچىنى...

— ئۇنىڭ ئوتلۇق كۆزىدە،
يانار ئىدى جەسۇرلۇق
ئوڭ مۇرىسىدە ئۇنىڭ
قىپقىزىل مەڭ يالقۇنلۇق،
ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويدۇم مەن كالۋا،
ئاچچىقىمغا پايلىماي
بىر دەمدىلا... ئاھ!

— ئەي، يارامسىز، ۋالاقلىما
خوتۇن كىشىمۇ سەن،

پېچىكا؟ ①
— يۈرىكىڭنى بېرەمتىڭ يېرىپ؟
شۇنداق قىل، قېنى!
— غۇرۇرۇڭنى ساقلا!
ئۆزۈڭنى تۇت، لەقۋا!

— نەدە تۇرۇپتۇ ۋاقىت،
تىلەيلى دېسەك بەرداش!
ئۆشنىمىزدە يۈكىمىز ئېغىر.
سۆيۈملۈك يولداش!
ئىلدام قەدىمىنى
ئاستىلاتتى پېتىرۇخا...

كۆتۈرۈپ قەددىنى،
تېتىكلەشتى...

هەي، هەي،
كۆڭۈل ئېچىش ئەمەستۇر گۇناھ!
ئۆيگە ئوبدان قاراڭلار
كىرىپ قالار بۇلاڭچى!

— ئامبارلارنى ئېچىڭلار —
كەمبەغەللەر كىرىپ ئوينىسۇن!

8

ئاھ، سەن ئازاب سۇلتانى!
ئەڭ ئېغىر ھەسرەت،

① پېترۇخانىڭ ئەركىلەتمە نامى.

ئەجەللىك زەھەرىكىش!
ھامان بىركۈنى
ئويناپ كۆلەرمەن...

دائىم بېشىمنى
قاشلايمەن، قاشلايمەن...

ھەممىشە پەلەس
چاقىمەن، چاقىمەن...

قەلەمتىراش بىلەن
سېنى تىلىمەن!...

كاپىتالىست، سەن قۇشقاچ
بولۇپ ئۇچ
قېنىڭنى ئىچىمەن
قارا قاشلىق دىلبىرىم ئۈچۈن.

ئەمىن قىل
ئاجىزەڭ روھىنى، خۇدا...
بۇرۇقتۇرمىلىق!

9

ئاڭلانمايدۇ شەھەر شاۋقۇنى،
نېۋا سائەت مۇنارى جىمجىت،
ژاندارما ئاۋازى ئاڭلاناس ئەمدى —
بالىلار، مەيسىزمۇ
ئويناپ ناخشا ئېيت!

دوقمۇشتا تۇرىدۇ بىر بۇرژۇئا
ياقىسىغا تىقىپ بۇرنىنى.
تۆكلىرى يانغان لالما ئىت
تىترەيدۇ تىقىپ قۇيرۇقىنى.

بۇرژۇئا تۇرىدۇ
ئېچىرقىغان ئىتتەك
ئۇن - تىنسىز تۇراتتى
خۇددى سوئالدەك
كونا دۇنيا
لالما ئىتنىڭ سىياقىدا،
قۇيرۇق قىسىپ
تۇرىدۇ ئارقىسىدا.

10

ئەزۋەيلىدى شىۋىرغان،
ئاھ، شىۋىرغان، شىۋىرغان!

تۆت قەدەم ئارىلىق تۇرسىمۇ ئاران،
بىر - بىرىنى كۆرمەيدۇ ئاۋام!

قار قۇيۇندەك چۆرگىلەيدۇ،
قار تۇۋرۇكتەك ئۆرلەيدۇ....

– هەي، نېمانچە شىۋىرغان،
خۇدا قىلسۇن ئامان!
— پېتىكا، هەي ئېيتمىغىن يالغان!

مېھراب ئالدىدىكى زەرباب
قالالىدى نېمىدىن ئاسراپ؟
سەن ھەي
ئۆزىنى سورىمىغان ئادەم
دۇرۇس سۆزلە ھەم ئويلان
كاتىكانى دەپ قوللىرىڭنى
سەن ئەمەسمۇ قىلغان قان؟
— ئىنقىلابنى قەتئىي
قىلىڭلار داۋام!
دۈشمەنلەر يېنىڭدا،
ئۇخلىماس ھامان!

ئالغا، ئالغا، ئالغا،
مېھنەتكەش ئاۋام![1]

11

... مۇقەددەس نامى يوق
ئون ئىككىسى[2]
كېتىپ بارار يىراققا،
ئۇلار تەييار ھەممىگە.
ئۆكۈنمەس ھېچنېمىگە...

پولات مىلتىقلىرى
تەڭلىنەر قايسىسىدۇر دۈشمەنگە...

---

① بۇ ئىككى مىسرا رۇسىيەدە ئەينى ۋاقىتتا تارقالغان ئىنقىلابىي ناخشا «ۋارشاۋا ئىنقىلاب كۈيى» دىن كەلگەن.
② ئون ئىككى گىۋاردىيەنى كۆرسىتىدۇ. خىرىستوس ئەيسانىڭ ئون ئىككى مۇرىتىغا تەققاسلانغان. بۇ ئون ئىككى نەپەر گىۋاردىيە جەڭچىسى يېڭى ھاكىمىيەتنىڭ ئەلچىسىگە سىمۋول قىلىنغان.

تار كوچىلاردا،
قۇترىماقتا شىۋىرغان...
ئاق قۇ پەيلىرىدەك
قار دۆۋىسىدە —
پاتقان ئۆتۈكۈڭنى
چىقىرالمايسەن...

قىزىل بايراق
چېلىنقار كۆزگە.

ئاڭلىنىدۇ رەتلىك
قەدەم تىۋىشى.

— ياۋۇز دۈشمەن
ئويغاندى مانا...

ئاچۇرمايدۇ كۆزنى شىۋىرغان
كېچە - كۈندۈز
تاپمايدۇ ئامان...

ئالغا، ئالغا
مېھنەتكەش ئاۋام!

12

... مەغرۇر قەدەم بىلەن
بارار يىراقتا...
— قايسىڭ ئۇ يەردە؟
چىققىن بۇياققا!
شامال قىزىل بايراق بىلەن
ئىشرەت قىلار ئالدىدا...

ئالدىدا سوغ قار دۆۋىسى،
دۆۋىدە كىم بار، كەلگىن بېرى!...
ئېچىرقىغان بىچارە ئىت
ئاقسىغانچە چىقىپ كەلدى...

— يوقال، سەن ئۆلگۈر،
نەيزەمدە
ئۇچۇقداپ قويىمەن بىكار!
كونا دۇنيا ئوخشايدۇ لالما ئىتقا،
نېرى كەت
تۆشۈك ئاچىمەن سەندىن بىكار!
ھىجىيىدۇ چىلبۆرە
قۇيرۇق قىسىپ ئەگىشىدۇ
توڭلاپ كەتكەن، ئىگىسىز ئىت
كېلىۋاتقان كىم ئۇ، ئېيت؟

— كىم ئۇ قىزىل
بايراق لەپىلدەتكەن؟
— قارىغىنە، نەقەدەر زۇلمەت!
— كىم ئۇ، ئۇ يەردە يۇگۇرگەن
تاملارنىڭ كەينىدە
بولۇپ پىنھان؟

— سېنى ھامان تۇتۇۋالىمەن
ياخشىسى تىرىك
پېتىڭ چىق ئالدىمغا!
— ئەي، يولداش، يەتتى ئەجىلىڭ.
چىق، چىقمىساڭ ئاتىمىز مانا!

تا ـ تا ـ تات! ـــ ئەكس سادا
ياڭرايدۇ تاملار ئارا
كۆلتۈك قارنىڭ ئۈستىدە
شىۋىرغان كۆلەر ئۇدا...
تا ـ تا ـ تات!
تا ـ تا ـ تات!
ئۇلار مەغرۇر كېتىپ بارار ـــ
لالما ئىت ئەگىشىپ بارار،
ئالدىدا قىزىل ئەلەم بىلەن
شىۋىرغاندا كۆرۈنمىگەن،
ئوقتىن زەخمە يېمىگەن
شىۋىرغان ئۈزرە
ئۇ بارار يەڭگىل قەدەم بىلەن
قار پىرقىرار، چاقناپ ئۇنچىدەك
تاقىغان ئۇ
ئاپپاق گۈلچەمبەر ـــ
ئالدىدا بارىدۇ ئەيسا پەمغەمبەر.

(«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 1998 ـ يىلللىق 3 ـ سانىدىن ئېلىندى.)

# ماياكوۋىسكى شېئىرلىرىدىن



[ئىلاۋە: ماياكوۋىسكى (1893 — 1930) سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدىكى داڭلىق شائىر. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا كەلگۈسىزم خاھىشلىرى قويۇق بولۇپ، ئەركىن، مەردانە ۋە ساتىرىك خۇسۇسىيەتكە باي. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن «كېچە»، «دەۋرەخى شەھەر»، «لېنىن»، «ياخشى»، «ئىشتانلىق بۇلۇت» قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن شېئىرىي مىراسلىرى 13 تومدىن ئاشىدۇ. ئۇ 1930 ـ يىلى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان. ]

## ئىشتانلىق بۇلۇت

(داستان)

پىكىرلىرىڭلار
ئۆچمەكتە سۇيۇق مېڭەڭلەر ئارا
مەينەت تۆشەكتىكى سېمىز مالايدەك.
مازاق قىلىمەن ئۇنى
سوقۇشتۇرۇپ

لەختە ـ لەختە يۈرىكىمنىڭ پارچىسى بىلەن
زەھەرلىكمەن، قوپالمەن.

قەلبىمدە ئاق چاچتىن تېپىلماس بىر تال،
يوق چالىنىڭ شەپقىتى، سولغۇنلۇقى ھەم!
ئاۋازىمدا تىترىتىپ دۇنيانى
مېڭىۋاتىمەن چەبدەس ھەم تىمەن
يىگىرمە ئىككىگە ئەمدى كىرىمەن.

قوپال ئادەم
مۇھەببەتنى كۈيلەر ناغرىدا
نازۇك ئادەم
غېجەك بىلەن قىلىدۇ ئادا.
كۆكرىكىڭنى يىرتىپ مەن كەبى
كۆرسىتەلمەيسەن پىچاق تىرەپ يارىغا!

قارا —
دۇردۇن كىيىپ سارايدىن كەلگەن
پەرىشتىلەر ئىچرە تەدان خېنىمغا.

لەۋلىرىڭنى قىمىرلاتتىڭ بىمالال
ئاشپەز ئايال ۋاراقلىغاندەك
قولىدىكى قوللانمىسىنى.

خالىساڭلار —
مەن بولىمەن شەھۋەتتىن قۇترىغان ئىنسان
ئۆزگەرتىمەن تۈسۈمنى مىسالى ئاسمان.
خالىساڭلار

مەن بولىمەن يۇمشاقلىقتا ئىشتانلىق بۇلۇت[1]

شۇنچە لەتىپ، بىنۇقسان.

نىس[2] گۈلزارىنىڭ بارلىقىغا شۇبھەم بار

كېسەلخانا سىڭارى ئۆتۈپ كەتكەن ئەركەكلەر

ماقال كەبى جۇل - جۇل ئايالالار ھەم بىر قاتار

ماختاپ مېنى ئۇن قاتار.

1

ئويلامسەنكىن، قىزىتمىدا جۆيلۈش بۇ؟

بۇ بولغان ئىش،

ئۇدېسسادا[3] بولغان ئىش.

---

① «ئىشتانلىق بۇلۇت» — بۇ داستان 1914 — 1915 - يىللاردا يېزىلغان. دەسلەپكى ئېلان قىلىنىشىدا، سىنزور (تەكشۈرگۈچى) ئالتە بەتنى قىسقارتىۋەتكەن، ئەسلىدىكى ماۋزۇسىنىمۇ ئېلىپ تاشلىۋەتكەن. 1918 - يىلىدىكى نەشرگە يازغان كىرىش سۆزىدە ماياكوۋسكى: «‹ئىشتانلىق بۇلۇت›، (ئەسلىدىكى ماۋزۇ «ئون ئۈچىنچى مۇرىت» ئېلىۋېتىلگەن، ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ يۇرمىدىم، كۆنۈپ قاپتىمەن) زامانىمىز سەنئىتىنىڭ تۆپ ئىدىيەسى ئۇنىڭدىكى ‹قۇرۇپ كەتسۇن مۇھەببىتىڭلار›، ‹قۇرۇپ كەتسۇن سەنئىتىڭلار›، ‹قۇرۇپ كەتسۇن تۈزۈمىڭلار›، ‹قۇرۇپ كەتسۇن دىنىڭلار› دېگەن شوئارلار تۆت باپتا ئايرىم - ئايرىم گەۋدىلەندۈرۈلگەن» دېگەن.

ماياكوۋسكىنىڭ «ئۆزۈم» ناملىق بىيوگرافىيەسىدە دېيىلىشىچە، بۇ داستان شائىرنىڭ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن بۇرۇنقى «پىروگراممىلىق خاراكتېرلىك نەرسىسى» ئىكەن.

بۇ داستان لى. ي. بورلىككە بېغىشلانغان. بورلىك ماياكوۋسكىنىڭ ئەڭ يېقىن قىز دوستى.

② نىس — فىرانسىيەنىڭ شەرقىي جەنۇبى تەرىپىدىكى ئوتتۇرا يەر دېڭىز ساھىلىدىكى بىر شەھەر بولۇپ، مەنزىرىسى گۈزەل، ھاۋاسى يېقىملىق، ئۇ جەنۇبىي ياۋروپادىكى ساياھەتگاھ.

③ ئودېسسا — قارا دېڭىز ساھىلىدىكى بىر شەھەر.

«تۆتتە كېلىمەن» دېگەنىدى مارىيە.

سائەت سەككىز بولدى،
توققۇز بولدى،
ئون بولدى.

قارا، كەچ بولدى،
قوشۇمىسى تۈرۈلگەن
دېكابىرنىڭ ئاخشىمى
دېرىزىنىڭ ئالدىدىن كېتىپ
سىڭدى كېچە ۋەھىمىسى قوينىغا.

شاخسىمان شامدان
مۆكچەيگەن قەددىگە قاراپ ئۆزىنىڭ
كۆلەر ئىدى كۆز ياشلىرى تاراملاپ.

ھېچكىم تونۇپ ئالالماس مېنى:
ئىڭراۋاتقان، تولغىنىۋاتقان
تومۇرلىرى كۆپچىگەن
بىر ھەيۋەتلىك ئادەممەن ئەمدى،
نېمىلەرنى قىلار ئۇ ئارزۇ؟
ئارمانلىرى زىيادە كۆپقۇ!

بولسىمۇ گەر مىستىن قۇيۇلغان
تۆمۈرلەردىن سوقۇلسىمۇ يۈرىكىم
بۇ بەربىر، بەربىر ماڭا.
تۈنلىرى ئىچىمدىن چىققان سادانى
يوشۇرسام دەيمەن
يۇمشاق، مېھرىبان ئايال باغرىغا.

مەزمۇت بەستىمنى  
ئەگسەم دېرىزىگە  
تەگكەن ماڭلىيىمدىن ئېرىيدۇ ئەينەك.  
بارمۇ - يوقمۇ مۇھەببەت؟  
قانداق بولىدۇ ــــ  
نازۇكمىدۇ ياكى بەھەيۋەت؟

بۇيۇك مۇھەببەت نە قىلسۇن بۇنداق گەۋدىدە  
بار، بەلكىم  
كىچىك، يۇمشاق، مۆمىن مۇھەببەت.  
ماشىنا سىگنالىدىن كېتىدۇ چۆچۈپ  
ئاتنىڭ كولدۇرمىسىنى قالىدۇ سۆيۇپ.

چوقۇر يۇزلىرىگە يۇزۇمنى يېقىپ  
يامغۇرنىڭ قوينىغا كىرىپ كېتىمەن  
شاۋقۇنلۇق شەھەرنىڭ سېلىدە ئىڭراپ  
كۇتىمەن، كۇتىمەن، يەنە كۇتىمەن.

نىسپى كۈن قولىغا ئېلىپ پىچاقنى،  
قوغلىدى  
يېتىشتى  
ئۆلتۈردى ئۇنى!

سائەتتىن  
يىقىلدى 11 رەقىمى  
گۇندىدا كېسىلگەن ئادەم بېشىدەك.

ھۆۋلاپ ئەينەكلەردىن ئاققان يامغۇرلار
پۇرۇشكەن يۈزىنى قىلار نامايان.
پارىژدىكى بۇۋى مەريەم چېركاۋىغا
ئويۇلغان ھەيۋەتلىك مەخلۇقلارسىمان.

ئۆلگۈر!
يېتەرلىك ئەمەسمۇ ئالداشلار يەنە؟
ئاغزىم يىرتىلىدۇ توۋلىسام يەنە،
ئاڭلاپ قالدىم
سەكرەپ تۇردى نېرۋىلار
بىمارلار ئورنىدىن تۇرغاندەك، ئەنە.

قارا —
ئاستا ماڭدى ئەۋۋالا
ئاندىن ھاياجاندا يۈگۈردى ئىلدام
شۇ تاپ بىر جۈپ نېرۋىغا
تەڭكەش قىلىپ تاقلار ئۇ
پەستىكى قەۋەتتە —
تورۇستىن سويۇلۇپ چۈشتى ھاكلارمۇ.
نېرۋىلار —
كاتتا ـ يۇ، كىچىك
جەم بولۇپ بارى
قۇتراپ ـ قۇتراپ سەكرىشىدۇ
نېرۋىلارنىڭ ئاياغلىرى چىرمىشىپ
چېلىشىدۇ.
لېيىپ بارار تۈنمۇ بىر ياقتىن
كۆزلەر چىقالمىدى قارا پاتقاقتىن.

غىچىرلىدى ئىشىك توساتتىن
قېپىپ قالغان ئىشىك
يېپىلمايدۇ ھېچ.
كىرىپ كەلدىڭ توساتتىن
بۇ ئويۇمغا كەلمىگەن راستىن
پەلەينى غىجىملاپ سۆزلىدىڭ كەسكىن:
«دېسەم ساڭا —
ئەرگە تېگىمەن!»

بوپتۇ، ئەرگە تەگ،
ھېچقىسى يوق.
مەن تەمكىن
نەقەدەر تەمكىن
ئۆلۈكنىڭ تومۇرىدەك.

ئېسىڭدىمۇ
دېگەنلىرىڭ:
«جېك لوندون[1]
پۇل
مۇھەببەت
ئىشتىياق»
جاكوندا[2] دەپ بىلەتتىم سېنى
سېنى ئوغرىلاپ كەتمەكچى بولغان،

ئوغرىلاپ كېتىشتى.

---

① جېك لوندون (1876 — 1916) ئامېرىكا يازغۇچىسى.
② جاكوندا مېنارسا — ئىتالىيەنىڭ ئەدەبىي گۈللىنىش دەۋرىدىكى رەسسامى داۋىنچى (1452 — 1519) سىزغان پورترېت. ئۇ ھازىر پارىژىكى روف سارىيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. 1911 - يىلى ئوغرىلاپ كېتىلىپ، 1913 - يىلى قايتۇرۇپ كېلىنگەن.

ئاشىق بولۇپ ئۆتتۈردۈم
تۆرۈلگەن قوشۇمامنى
يورۇتماقتا ئوتنىڭ شولىسى
بەزەن
يانغان ئۆينى پاناھگاھ ئېتىپ
ياشايدىغۇ ئۆيسىز ساياقلار.

ئويناشمىغىن:
تەلۋىلىكىڭنىڭ ياقۇتلىرى
گادايىنىڭ يارمىقىدىن ئاز دەپ.
ئېسىڭدىمۇ!
مەسخىرە قىلىنغاندا ۋېزۇۋىي تېغى
تۆگەتكەن پومپېي شەھىرىنى ئۆرتەپ![1]

ھەي!
جانابلار!
كۆپرى
جىناي
قىرغىن
ھېرىسمەنلەر —
كۆرگەنمۇ سىلەر
قورقۇنچلۇق شۇ نەرسىنى —
چىرايىمنى
مەن سۆكۈتكە چۆككەن چاغدىكى؟

① پومپېي — مىلادىيە 79 - يىلى ۋېزۇۋى يانار تېغى پارتلىغاندا ماگمىدا ۋەيران بولغان بىر شەھەر.

سەزدىم شۇنى —

«مەن»

مەن ئۇچۇن تاردۇر خىلىلا.

كىمدۇر بىرى مەندىن

پارتلاپ چىقماقچىدەك ھىلىلا.

ھەي،

كىم بۇ، ئاخىر،

سەنمىدىڭ، ئانا!

ئانا!

يولۇقتى ئوغلۇڭ ئېغىر ئەلەمگە!

ئانا!

ئوت كەتتى ئۇنىڭ يۈرىكىگە.

ئېيتقىن، ھەدىلىرىم لىيۇدا، ئولياغا —

ئۇ قاچالىسۇن قەيەرگە.

ئۇ دېگەن ھەربىر سۆز

ھەر ھەزىل ھەتتا،

يالىڭاچ پاھىشە ئۆزىنى

ئوت كەتكەن پاھىشخانىدىن ئاتقاندەك گويا

ئېتىلىپ چىقىدۇ كۆيگەن ئاغزىدىن.

ئادەملەر پۈرىشار —

كۆيۈك ھىدىنى!

كۆيۈك ھىدى قوغلاپ كەتتى باشقىلارنى.

كىيىۋېلىڭلار مىس قالپاق

ئەي، سۆلەتلىك ئادەملەر!

ئۇزۇن ئۆتۈككە نەدە بار ئىمكان!
ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىگە ئېيتىپ قويۇڭلار
ئوت كەتكەن يۈرەككە
يۇمشاق ئەلپاز بىلەن كىرمىسە چاتاق.

مەن ئۆزۈم.
ياشلىق كۆزلىرىم چېلەكتەك گويا
تۈرىمەن تايىنىپ قوۋۇرغامغا.
سەكرەيمەن، چىقىمەن، قېچىڭلار!
سەكرەپ چىقالمىدىم يۈرىكىمدىن
يۈرەكتىن چىقالمايسەن — يوقتۇر ئىلاجىڭ.

يېنىۋاتقان يۈزىمدە
لەۋلەر يوچۇقىدىن
كۆيۈپ كۆمۈر بولغان
بوسە تاشلىنار.

ئانا!
ئەمدى ناخشا توۋلىيالمايمەن
قەلبىم چېركاۋىدا سەھنىلەر خاراب.

تىل ۋە رەقەملەرنىڭ كۆيگەن سۆڭىكى
چىقتى باش چانىقىمدىن
ئوت كەتكەن بىنادىن قاچقاندەك بالا،
لۇزىتانىيە[1]نىڭ يېنىۋاتقان قوللىرى
تۇتماقچى بولغانىدى ئاسماننى شۇنداق.

---

① لۇزىتانىيە — ئەنگلىيەنىڭ يولۇچى پاراخوتى بولۇپ، 1915 - يىلى 5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى (بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە) گېرمانىيە سۇ ئاستى پاراخوتى تەرىپىدىن ئېتىپ چۆكتۈرۈۋېتىلگەن. 2000 دەك يولۇچى هالاك بولغان، بۇلارنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن باللار بار ئىدى.

تۇمەن كۆزلۈك ئوت
كىرمەكتە پىرىستاندىن
تىترىگەن كىشىلەرنىڭ جىمجىت ئۆيىگە.
شۇدۇر ئاداققى چۇقان —
«كۆيۈۋاتىمەن.»
بۇنى ئەسىرلەرگە ئەيلىگىن بايان.

2

ماختاڭلار مېنى!
ئۇلۇغلارمۇ ماڭا تەڭ ئەمەس.
كىشىلەر ياراتقان ھەرقانداق ئىشقا
«يوق» دېگەن سۆزنى ئويۇپ قويسام بەس.

ھېچقانداق چاغدا
ئوقۇغۇم يوق ھېچقانداق نېمە.
كىتاب دەمسەن؟
نېمە ئۇ كىتاب دېگەن!
بۇرۇن شۇنداق ئويلايتتىم دائىم
كاتتا بىر كىتاب شۇنداق باشلىنىدۇ —
شائىر كېلىدۇ،
ئاغزىنى ئاستا ئاچىدۇ،
ئىلھاملىرى ئۇرغۇپ كەتكەن ھاماقەت
كۈيلەشكە باشلايدۇ.
ئۇنداق ئەمەس ئىكەن ئەسلىدە:
كۈيلەشتىن ئاۋۋال
تولا مېڭىپ قۇم - شېغىللاردا
تاپانلارغا چۇشەركەن قاداق

تەسەۋۋۇر
— شۇ پالاكەت تاپانبېلىقى
كۆڭۈل سازلىقىدا تېپىرلار شۇنداق.

شائىر
قاپىيە تېپىپ قايناتمىغىچە،
مۇھەببەت بۇلبۇلىنىڭ شورپىسىنى،
تولغىنار تىلىدىن مەھرۇم ھەر كېچە.
توۋلىماس، سۆزلىمەس، ئامال قانچە.

كۇيلەيمىز مەغرۇر
شەھەردىكى بابىل مۇنارىنى①
خۇدا تىلىمىزنى ياراتتى ھەر خىل،
ئۇرۇۋېتىپ ئۇنى.
رەستە جىمجىت تارتىدۇ پىغان.
تەتۈر بولۇپ
تۇرۇپ قالدى كانايدا چۇقان.
سېمىز ماشىنىلار، ئورۇق ھارۋىلار
كانايغا تىقىلىپ تۇرغىنى تۇرغان.

چەيلەندى كۆكرەك،
ھالى سىل كېسىلىدىنمۇ بەك.
يوللارنى بېكىتتى شەھەر زۇلمىتى.

---

① بابىل مۇنارى — «ئىنجىل»نىڭ «يارىلىش» بابىدا ئېيتىلىشىچە، نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلىرى ئەرشكە تاقىشىدىغان مۇنار ياسىماقچى بوپتۇ، خۇدا ئۇلارنى جازالاپ، ئۇلارنىڭ تىلىنى ھەر خىل قىلىۋېتىپتۇ. ئۇلار ئۆزئارا چۈشىنىشەلمەي، مۇنار ياساش ئاقماي قاپتۇ.

بۇ چاغ —
بولسىمۇ شۇنداق! —
بوغۇزىغا تىقىلغان
پەشتاقلارنى بۇزۇپ رەستىلەر،
پۇركۈمەكتە مەيدانغا،
قېقىپ قالدۇق نەرسىلەرنى ھەم.

گويا
پەرىشتىلەر تائىتىگە بېرىلگەن خۇدا
جازالاشقا كەپتۇ دېگەن خىيالغا كەلدىم.
«چوڭ يەپ، چوڭ ئىچىمىز» —
دەپ رەستىلەر چىقىرار سادا.

كىرۇپلار ھەم كىرۇپزادىلەر[①]
ئاپەتلىك شەھەرنى قىلىدۇ پەرداز
ئاما، ئېغىزلاردا سۆز ئۆلۈكلىرى
ئاينىماقتا يامان
«لۇكچەك»، «قىزىل بۇغداش شورپىسى» —
دېگەن سۆزلا سەمرىپ ياشايدۇ ھامان.
يىغلاپ كۆز يېشىغا پاتقان شائىرلار
شۇمشىيىپ كوچىدىن قېچىشتى چەتكە:
«ئېرىشىپ بولماس بۇ ئىككى سۆز بىلەن
نە گۈلگە
نە قىزغا
نە مۇھەببەتكە.»

كوچىلاردا مىليونلاپ ئادەم —
ئىستۇدېنتلار

① كىرۇپ — گېرمانىيەدىكى ئەڭ چوڭ مونوپول كاپىتالىستلىرىنىڭ بىرى.

نومۇسنى ساتقان ئاياللار
ھۆددىگەرلەر
ئەگەشمەكتە شائىرلارنىڭ كەينىدىن.

جانابلار!
توختاڭلار!
سىلەر تىلەمچى ئەمەس
سەدىقە سوراشتىن ئۆيىلىڭلار!
قەدىمىمىز چوڭ،
ساقمىز، سالامەت،
يىرتىمىز ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىنى
ئاڭلىمايمىز جۆيلۈشلىرىنى —
ئۇلار چاپلاشقان
قوش كىشلىك كارىۋاتقا
كىتابتىكى تۇزىتىشتەك بەئەينى.

شۇلاردىنمۇ گېمىن، مۇناجات
يېزىپ بەرگىن دەپ
ئىستەيمىز نىجات!
ئۆزىمىز فابرىكا، لابوراتورىيە
شاۋقۇنى — گېمىندا ئېتىمىز ئىجاد.

فائۇست [1] مېفىستافىل[2]
جەننەتىنىڭ
سىلىق پوللىرىدا تېيىلسا نە كارىم!

---

① فائۇست — گېرمانىيە شائىرى گېيوتې (1749 — 1832)نىڭ شۇ نامىلىق ئەسە-
رىدىكى باش قەھرىمان.
② مېفىستافىل — «فائۇست» تىكى ئېزىتقۇ ئالۋاستى.

بىلىمەن ــــ
ئۆتتۈكۈم ئىچىدىكى مىخ
گىيوتىن خىيالىدىن مۇدھىش مىڭ بارە!

ئاغزىمدا ھېكمەت،
ھەر سۆزۈم روھلارغا بېرىدۇ ھايات،
تەنلەرنى قايتىدىن ياشنىتار شەكسىز،
دېسەم سىلەرگە
ھاياتنىڭ ئەڭ كىچىك توزۇندىسىمۇ
ئۆتمۈشتىكى، كېلەچەكتىكى
ھەرقانداق ئىشتىنمۇ قىممەتتۇر يەنە.

ئاڭلا!
بۇگۈننىڭ غىلجىڭ زوروئاستراسى[1]
تولغىنىپ
جىلمىيىپ ۋائىزلىق قىلار!
چېھرىمىز بەئەينى ئۇيقۇچان كىرلىك
كالپۇكلار قەندىلدەك ساڭگىلاپ تۇرار
بىز
كىر ھەم ئالتۇنلار يارا تاراتقان
ماخاۋلار شەھىرىنىڭ جاپاكەشلىرى ـــ
دېڭىزنىڭ سۈيى ھەم قۇياش نۇرىدا
يۇيۇنغان ۋېنىتسىيەنىڭ[2] زۇمرەت كۆكىدىن
زىيادە پاكىزدۇرمىز ھەم سۆزۈكتۇرمىز.

---

① زوروئاستىر (خەلق ئىچىدە زەردوشت دېيىلىدۇ) ئىران، ئەزەربەيجان ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا كەڭ تارالغان ئاتەشپەرەسلىك دىنىنىڭ ياراتقۇچىسى، بۇ گەپ ئەسەردە دىن تارقاتقۇچى دېگەن مەنىدە كېلىۋاتىدۇ.

② ۋېنىتسىيە ــــ دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل سۇ شەھىرى، ئىتالىيەنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى ئادرىياتىك دېڭىز بويىدا.

هومېر[1]، ئوۋىدلارنىڭ قەلەملىرىدىن
تېپىلمايدۇ پەقەتلا
چىرايى ئىسلانغان بىزدەك ئىنسانلار
بىلىمەن —
نۇرسىزلىنار كۆرسە قۇياشمۇ
روھىمىز قېتىدا تۇرغان زەركاننى!
تومۇر ھەم مۇسكۇل —
ئىشەنچلىكتۇر مۇناجاتتىنمۇ
زامانغا باش ئۇرۇش بىزگە نەھاجەت!
ھەربىرىمىز
بەش بارماقنى سىلىپ تەك ئىشقا
دۇنيانىڭ چۇلغۇۋرىنى چىڭ تۇتماقتىمىز.

پېتروگراد، موسكۋا، كىيېۋ، ئودېسسا —
مۇنبەرلىرى مەن ئۇچۇن بولدى گولگوپا[2]
يوق شۇنداق دەپ توۋلىمىغانلار
«مىخلا كىرېستقا
مىخلا كىرېستقا!»

ئەمما، سىلەر
ئادەملەر،
مېنى ئەزگەنلەر ھەم —
ھەممىڭلار

---

① هومېر، ئوۋىد — هومېر قەدىمكى يۇنان شائىرى، ئوۋىد قەدىمكى رىم شائىرى.
② گولگوپا — ئەيسا كىرېستقا مىخلانغان جاي. ماياكوۋىسكى بۇ يەردە ئۆزىنىڭ هۇ-جۇمغا ئۇچرىشىنى ئىپادىلەۋاتىدۇ.

مەن ئۈچۈن ئەزىز
يېقىنسىلەر.

كۆرگەنمۇ سىلەر
قانداق يالايدۇ ئىت ئۇرغان قوللارنى؟!
مەن
بۈگۈن
بىئەدەپ لەتىپىسىمان
ۋەھشىي ئادەملەرگە كۈلكىگە قالدىم
ئەمما، تاغلار ئېشىپ كەلمەكتە زامان
مەن ئۇنى كۆرەلمىدىم ھەممىدىن ئالدىن.

چولتا پەم ئادەملەرنىڭ نەپسىنى ئېلىپ،
ئاچلارنىڭ غەلۋىسى باسار مۇتتەسىل،
ئىنقىلابنىڭ تىكەنلىك چەمبىرىن كىيىپ،
باستۇرۇپ كىرىدۇ
1916 - يىلى.

مەن بۇ يەردە —
ئەنە شۇ ئىنقىلاب ئىلھامچىسىمەن،
ئازاب نەدە بولسا ئاشۇ يەردىمەن،
يەرگە تۆكۈلگەن ھەر قەترە ياشتا
ئۆز - ئۆزۈمنى دارغا ئاسىمەن.
ھەرقانداق ئەيىبنى كەچۈرۈپ بولماس
ئۆرتەيمەن
مېھرىبانلىق ئۆگەتكەن روھنى
قىيىندۇر ئەل قىلغاندىن
مىڭلارچە باستىلىيە تۈرمىسىنى.

ئۇ كەلگەن چاغدا
كۆتۈرۈپ ئىسيان
خالاسكار قىشنىغا چىققىنىنىڭلاردا
مەن
قەلبىمنى يۇلۇپ
دەسسەپ
چەيلەپ
قىلىپ ياپىلاق
قانلىق بايراقسىمان
بىرىمەن ساڭا.

3

ئاھ، بۇ نىمىشقا
قانداق گەپ بۇ:
يارقىن خۇشاللىققا
مەينەت مۇشت تېگەر!

بىردىنلا يادىمغا كېلىپ
ساراڭلار دوختۇرخانىسى
يېپىلماقتا يۇزۇمگە
مەيۇسلۇكنىڭ پەردىسى.

كېيىن —
چۆكسە پاراخوت
ئادەملەر ئۇچۇن ئىشىك ئىزدەپ قاپقاندەك
يوچۇقلاردىن

قاچاتتى ئەقلىدىن ئازغان بۇرليۇك[①]
ئۇنىڭ قاپاقلىرى تولدى قان ـ ياشقا
ئۇ چىقتى ئۆمىلەپ
تۇردى ئورنىدىن
كەلدى بۇياققا
«ياخشى» دېدى ئۇ توساتتىنلا
سېمىزلەر بۇنداق لەتىپ بولماس، راستتىنلا.

ياتلارنىڭ كۆزىدىن ئاسراپ يۈرەكنى
ساپسېرىق كوپتىغا پۈركىگەن ياخشى!
«ئىچكىلار ۋانگوتىن كاكاۋۇسىدىن»[②]
دەپ قەتل ئالدىدىن ئۈنلىگەن ياخشى!

بۇ دەقىقىنى
بۇ مالىمانلارنى
تاغلار پارتلاپ، دېڭىزلار تاشقان
شۇ ئەسنانى
تېگىشمەيمەن ھېچ نەرسىگە
ھېچ نەرسىگە.
قارا، تۇتۇن ئارا،
قەدەھ، مەي ئۇزرە
سېۋريانىنىڭ مەست[③]

① بۇرليۇك (1882 — 1967) فوتورىزمچى سەنئەتكار ۋە شائىر، ئۇ سېمىز بولۇپ، كىچىكىدىلا بىر كۆزى نابۇت بولغان.

② كاكاۋۇ — ئەينى دەۋردىكى گېزىتلەردە كاكاۋۇ سودىگەرلىرى ئەگەر دار ئالدىدىكى مەھبۇس «ۋانگوتىن كاكاۋۇ چېيىدىن ئىچكىلار!» دەپ ۋارقىراپ بەرسە، ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا كىيىم ـ كېچەك ۋە ئوزۇق بېرىمىز، دەپ ۋەدە بېرىشكەن.

③ ئىگور سېۋريان (1887 — 1941) رۇسىيە چۇشكۇنىزم ئېقىمىدىكى شائىر بولۇپ، فوتورىزمنىڭ داھىيىسى، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەن.

سوزۇق ئەپتىگە.

نېچۇن ئۆزۈڭلارنى دەيسىلەر شائىر
سىلەر ئەي، بەدرەڭلەر
بىلىسىلەر بۆدۈنىدەك جاۋىلداشنى!
تۆمۈر مۇشتلۇق كىيىپ بوگۇن بىز
ئۇرايلى
چۇۋۇپ تاشلايلى
دۇنيانىڭ ئارقا مېڭىسىنى!

سىلەر مەپتۇن شۇنداق خىيالغا ـــ
«ئوينىغان ئۇسسۇلۇم نەپىسمۇ قانداق.»
قارا
قانداق ئۆتمەكتە مېنىڭ كۈنلىرىم
پەسكەشمەن
پاھىشىلەرنى ئالدايمەن
مۇتتەھەم قىمارۋازمەن
ئالدامچىمەن.

كەتتىڭلار سىلەر
ھەۋەسلەرگە بېرىلىپ،
يېشىڭلار ئاقتى
ئەسىرلەر تامان.
مەن خوشلىشاي سىلەردىن
قۇياشنى گەردىشلىك كۆزئەينەك قىلىپ
قىستۇراي دۈگىلەك كۆزۈمگە ھامان.
ھەممىگە ياققىنى ھەمدە يانغىنى
دۇنيانى كېزىمەن

ياسىنىپ ئېلىپ،
ناپولېئوننى بولسا پەستە ئىت كەبى
زەنجىرلەپ يۈرىمەن ئالدىمغا سېلىپ.
يەر ئوخشايدۇ
توغرىسىغا ياتقان ئايالغا،
ئۆزى ئىتائەتتە، تېنى تىترەكتە،
جانلىنار ھەممىسى
ھەممە ئاغزىدا
«ۋايجان» دېگەن نالە - ۋارقىراش، ئەنە.

توساتتىن
ئاق بۇلۇت
ۋە باشقا بۇلۇت
ئاسماندا
ھەرەڭ - سەرەڭ بولۇپ چايقالدى ھەر يان،
گويا ئاق ئىشچىلار تارقار، ئاسمانغا —
ئىش تاشلاش پەيلىنى قىلغانچە ئېلان.

بۇلۇتلار كەينىدە ۋەھشىي گۈلدۈرەك،
شىددەتلىك گۈلدۈرلەپ بۇرنىنى قاقتى،
تۆمۈرقان بىسماركنىڭ[1] سۈرلۈك ئەپتىدەك
غەلىتە بوپ كەتتى ئاسماننىڭ ئەپتى.

كىمدۇر
قالغاندەك تۇمانلار ئارا،
يولىنى يوقىتىپ، كۆرمەستىن كۆزى،

---

① بىسمارك (1815 — 1898) گېرمانىيە باش ۋەزىرى. 1878 — 1890 - يىللاردا «ئالاھىدە قانۇن» چىقىرىپ سوتسىيالىزمچىلارنى باستۇرغان. «تۆمۈرقان ۋەزىر» دەپ لەقەمى بار.

بىر جۈپ قوللىرىنى ھاراققا سۇندى —
قوللىرى نازۇك بىر ئايال قولىدەك،
ياكى زەمبىرەكنىڭ ئىستوۋۇلىدەك.

سەن بۇنى قۇياش دەپ ئويلىما زىنھار،
مەيخانا يۈزىنى يېنىك سىلىغان.
گېنېرال گالىفى[1] جەددىي ئاممىنى
قىرغىن شىددىتىگە گىرىپتار قىلغان.

ساياقلار
چۆنتەكتىن قولنى چىقىرىڭلار،
قولغا پىچاق ھەم تاش، بومبا ئېلىڭلار.
ئۆرگۈدەك قولۇڭلار بولمىسا ئەگەر
كېرەك يوق، ئەجەللىك كاللا قويۇڭلار!

ئالغا، قورساقلىرى تويمىغان ئاچلار،
تەرلەپ ئىشلىگەنلەر ۋە يالىڭاچلار،
بۆرگىلىك زىنداندا چىرىۋاتقانلار،
زالىمغا ئېگىلىپ تۇرۇۋاتقانلار!

ئالغا، دۈشەنبە ھەم سەيشەنبىلەرنى
قان بىلەن بوياڭلار بايرام رەڭگىدە!

ئويغىتايلى زېمىننى ئۆتكۈر شەمشەردە
سەمرىپ كەتتى ئۇ تولا يەپ
راتشىردىنىڭ[2] ئاشىنىسىدەكلا!

⑳ گاستون گالىفى (1830 — 1909) فىرانسىيە گېنېرالى، 1871 - يىلىدىكى پارىژ كوممۇناسىنى باستۇرغان جاللاتلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ئىسمى ئىشچىلار ھەرىكىتىنى قانلىق باستۇرغۇچىلارنىڭ سىمۋولىغا ئايلانغان.

㉑ راتشىردى — بانكىر، ئەنگلىيە، فىرانسىيە پۇل مۇئامىلە ئولىگارخ سىياسىتىنىڭ ۋەكىلى.

ھەر سانلىق بايرامدا سوقۇش بولغان چاغ
كۆكتە لەپىلدىگەن بايراقتەك گويا
چىراغ تۇۋرۇكىگە ئىسىتىلار ئىگىز
ئاشلىق سودىگىرىنىڭ مۇردىسىنى بۇندا.
قارغىش،
تىلاۋەت،
چىپىپ ئۆلتۈرۈش،
ئادەملەرنىڭ كەينىدىن كېلىپ
چىشلىمەكتە.

«مارسېل كۇيلىرى»[1] دەك قىپقىزىل شەپەق،
سەكرات قۇچىقىدا تولغىنار قىلدەك.

ئەقلىدىن ئادىشىش باشلاندى مانا.

قايتا مەۋجۇت بولماس ھەممىسى.

تۈن كېلىدۇ،
پاچاقلايدۇ،
يەيدۇ.

كۆردۈڭمۇ —
قىلدى ئاسمان ئاسىيلىق يەنە
ئىسيانكارلىق يۇلتۇزلىرىغا؟

تۈن كەلدى،
شەھەرگە،

① «مارسېل كۇيلىرى» — فىرانسىيە ئىنقىلابى دەۋرىدىكى ئاھاڭ.

قۇرۇپ باداشقان
ماماي[1] كەبى باشلىدى بەزمە.
كۆزلەر تېشەلمەس بۇ قارا تۈننى —
ئازىق[2] كۆزلىرىدەك بالايى ئەزىم!

تاشلىنىپ مەيخانا بۇرجەكلىرىگە
قالدىم شۈمشىيىپ
داستىخان ھەم روھنى يۇدۇم مەي بىلەن
بۇلۇڭدا نۇر چېچىپ تۇرىدۇ بىر كۆز
قارىسام، ئۇ مەريەم ئانىمىز ئىكەن
تىكىلەر يۈرەككە ئاتەش كۆز بىلەن.

بىر - بىرىدىن پەرقسىز نائەھلىلەرنى
جامالىڭ نۇرىدىن ئەتمە بەھرىمەند!
كۆردۈڭمۇ — ئۇلار شورلۇق ئەيسادىن
ۋاراۋاننى يەنە قويۇشار بەلەند.[3]

ئىنسانلىق تەپتىدە
مېنىڭ يۈزۈم ھەم
ھېچكىمنىڭ يۈزىدىن، بەلكى، پەرق قىلماس.
بەلكى، ئوغۇللىرىڭ ئارا
ئەڭ بەرنا —
ئوغلۇڭ مەن بوپ قالسام ھېچ ئەجەب ئەمەس.

① ماماي — 1361 - يىلى قۇرۇلغان ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ خاقانى، 1380 - يىلى رۇسىيەلىكلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. 1223 - يىلى چىڭگىزخانىنىڭ قوشۇنى كالكا دەرياسى بويىدا رۇس كىنەزلىكلىرىنىڭ بىرلەشمە ئارمىيەسى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئەسىرگە ئېلىنغان كىنەزلەرنىڭ ئۈستىگە تاختاي قويۇپ، بەزمە قۇرغان، مايا-كوۋسكى بۇ يەردە خاتا ھالدا بۇ ئىشنى مامايغا توقۇغان.

② ئازىق — چار پادىشاھ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىشپىيونى.

③ ۋاراۋان — «ئىنجىل» دىكى رىۋايەتلەردە ئەيسا بىلەن بىر كۈندە مەھكۇم ئېتىلگەن قاراقچى. كىشىلەر ئۇنى كەچۈرۈم قىلىپ، ئەيسانى ئۆلتۈرۈشنى تەلەپ قىلغانىكەن.

سەن
    شادلىقتىن بىخسىغانلارغا
ئۆلۈم ۋاقتى بەرگىن، قىرىلىپ كەتسۇن،
ئوغۇللار ئاتىغا ئايلىنىپ كۈلسۇن
قىزلار ئانا بولسۇن، پەرزەنتلىك بولسۇن
پەرزەنتلەر بىر ـ بىرلەپ ۋايىگە تولسۇن.

چىقسۇن بوۋاقلارغا
دانىش سېھىرگەرنىڭ ئاپپاق ساقىلى
ئۇلار كېلىپ ـــ
    شېئىرىم بىلەن
قويسۇن پەرزەنتلىرىنىڭ نامىنى.

بەلكىم، ماشىنىنى ھەمدە ئىنگلىزنى،
ماختاپ شېئىر يازماققا دائىم ھازىرمەن.
ئىنچىكە تەكشۈرۈپ كۆرۈڭ ئىنجىلنى،
بەلكىم، ئون ئۈچىنچى مۇرىت[①] بولۇرمەن.

ھەر سائەت
    كېچىسى ھەمدە كۈندۈزى
«ئاھ» دەپ ياڭرىغان مېنىڭدىن سادا
بوتا كۆزلىرىنى روھىمنىڭ، بەلكى
ھىدلاپ قويار كېلىپ پەيغەمبەر ئەيسا.

4

مارىيە! مارىيە! مارىيە![②]

---

① ئون ئۈچىنچى مۇرىت ـــ ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئون ئىككى مۇرىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
② بىرىنچى بابتىكى مارىيە ئەمەس.

كىرگىلى قوي مېنى، مارىيە
بىقارار تۇرالمايمەن كوچىدا مەڭگۈ!

خالىمامسەن؟

مەن
يۈزلىرىمگە قورۇق چۈشۈپ
تاپقانلىرىمدىن بىمەززە بولۇپ
ماكىلدىتىپ چىشسىز ئاغزىمنى
«كېلىشكەنمەن» —
دەپ
كېلىشىمنى
كۈتۈۋاتىسەن.

قارا، مارىيە —
مۆكچىيىپمۇ قالدى قامىتىم.

كوچىلاردا
40 يىل كەزگەن گىجىلىڭ ئادەملەر
تۆت قەۋەتلىك بىناغا يىغىنى جەملەپ
ئاخشامقى مېھرىنىڭ قارا نېنىنى
چىشلەپ يۈرگىنىمگە قاراپ كۈلۈشەر.

يامغۇر كۆز ياش تۆكۈپ كەتتى يوللارغا،
چىلىق - چىلىق بولۇپ ئۇ
يالار
يۇملاق تاشلاردىن ئۆلگەن
كوچىدىكى جەسەتنى.

ئاپپاق كىرپىكلەر ئارا —
توغرا! —
قەھرىتان مۆز تۈۋرۈكنىڭ كىرپىكى ئارا
كۆزلەردىن —
توغرا!
سۆ تۈرۈبىسىنىڭ ساڭگىلاپ تۇرغان كۆزىدىن
ياش ئاقماقتا.

يامغۇر سۈمۈرۈپ ئالدى پىيادىلەرنى
پەيتوندا ئولتۇرغان سېمىزلەرنىڭ
مايلىشىپ پارقىرايدۇ سىدام چىرايى
ئادەملەر سەمىرگەن نەق يېرىلغۇدەك،
ياكى ئاقار ياغلار يېرىقلىرىدىن
پەيتوندىن لېيىغان دەريادەك بولۇپ
چېچىلغان بولكا ئۇۋاقلىرى بىلەن.

مارىيە!
سەمىرگەن قۇلاقلارغا مەن
قانداق ئاڭلىتىمەن شىۋىرلىشىمنى؟
قۇش ئاچ قالسا،
تىلەيدۇ سايراپ —
قوشاق ئېيتىپ، ئاۋازى ياڭراپ.
مەن بولسام، مارىيە،
ئاددىي ئادەممەن،
بار - يوقى پىرىنسىيانىڭ ئىپلاس قولىغا
سىل كېچە تۈكۈرگەن بەلغەممەن!

مارىيە، خالامسەن مەندەك كىشىنى؟
كىرگۈز مېنى، مارىيە!

بارماقلىرىم تىترەپ قوڭغۇراقىڭنىڭ
تۈمۈر تۇتقۇچىنى باستىم تەلۋىدەك.

مارىيە!

كوچا يايلىقى ھايۋاندەك ۋەھشىي
بويۇنلاردا بارماقلارنىڭ يارىسى.

ئىشىكنى ئاچ!

ئازاب!

قارا —
سانجىلماقتا كۆزلەرگە
ئاياللار دوپپىسىدىكى ئىلگەكلەر.

سەن ئاخىرى كىرگۈزدۈڭ مىنى.
قوزام،
قورقما!
تەرلىگەن خوتۇنلار ئىۋىگەن تاغدەك
ئولتۇرۇشسا بۇقا بوينۇمدا —
مەن مىليون باھادىر ساپ مۇھەببەتنى
ۋە مىليون ئىپلاس، كىر مۇھەببەتنى
يۇدۇپ كەلمەكتىمەن ھايات قوينىدا.

قورقما!
خىيانەتلىك يامغۇرلۇق تۇندە
«ماياكوۋىسكىنىڭ خۇشتارلىرى» —

مىليونلىغان گۈل يۈزلەرگە تاياندىم.
مەجرۇھلار قەلبىدە
مەلىكىلەرنىڭ
سۈلالىسى قۇرغان تەنتەنە.
يېقىن كەل، مارىيە!

ئۇياتتىن خالىي يالىڭاچلىقتا
ياكى ۋەھىملىك تىترەش ئىچىدە
سۈن ماڭا لەۋلىرىڭ جازىبىسىنى
مەن ھەم كۆڭلۈم مايغىچە ياشاپ باقمىدۇق
ئۆتكۈزدۈم يۈزلەپ ئاپرېل سەبرىسىنى.

مارىيە!
بىر شائىر ئۆزىنىڭ «تىئانا» سىغا[1]
سونېتلار توقۇدى باغرىنى تىلىپ
مەن بولسام
گۆشتىنمەن
ئىنسانمەن پۈتۈن
سەدىقە سورىغاندەك ئەھلى خىرىستىيان
تېنىڭنى بەرگىن دەپ سورايمەن بۇ تۈن.

مارىيە!
مارىيە!
بەدىنىڭنى بەر!
شائىر مۇشەققەتتە تۆكۈپ قانچە تەر
قىممىتى خۇدادەك ئاجايىپ سۆزنى
ئۇنتۇپ قېلىشتىن قورققىنى كەبى
ئىسمىڭنى ئۇنتۇشتىن قورقىمەن بەتتەر.

① تىئانا ــــ ئىگور سېۋريان يازغان شۇ ناملىق شېئىرنىڭ قەھرىمانى.

ئۇرۇشتا بىر پۇتى كېسىلگەن ئەسكەر
ھېچكىمگە كېرەكسىز بولسىمۇ ئۆزى
ساق قالغان پۇتىنى ئاياپ يۈرگەندەك
جىسمىڭنى سۆيىمەن، سۆيىمەن ئەبەد!

خالىمامسەن، مارىيە؟
خالىمايسەن!

ئاھا!
ئۇنداقتا، مەن
پويىز يانچىۋەتكەن پۇتىنى
ئۇۋىسىغا سۆرەپ ماڭغان ئىت كەبى
ئېلىپ كېتىمەن
كۆز ياشلارغا غەرق بولغان قەلبىمنى.

يۈرەك قېنىم بىلەن يولنى قىلسام شاد،
تازىلار ئۇچامنى گۈللىرى بىلەن،
قۇياش دەۋر قىلار يەر ئەتراپىدا —
ھىرود[1] تەك ۋەزگۈينىڭ بېشى يېنىدا
تۇگەتكەندە ئۇسسۇلىنى ئۇ
ئاي - يىللىرىم
    ئۇنىڭ ئىزناسى
چاچار خانىسىگە دادامنىڭ
    مىليون تامچە قان.

① ھىرود — «ئىنجىل» رىۋايەتلىرىگە قارىغاندا، ئۇسسۇل ئوينىغىنى ھىرود ئەمەس، بەلكى سالىھى. «ئىنجىل مەتتى»نىڭ 14 - بابىدا بۇ ھەقتىكى قىسسىلەر بايان قىلىنغان.

چىقتىم ئۆمىلەپ
بەدىنىم پاتقاق (چۈنكى، چىقتىم ئېرىقتا تونەپ)
تۇردۇم ئەيسانىڭ يېنىدا شۈنداق
ئاندىن قۇلىقىغا دەيمەن ئېگىلىپ:

— قۇلاق سېلىڭ جانابى خۇدا!

قانداق زېرىكمىدىڭ ئىششىق كۆزۈڭنى
مېۋە ئۈيۈتمىسىدەك بولۇتقا چىلاپ؟
ئىككىمىز
ياخشى - يامانلىق دەرىخى ئۈزرە①
ياغاچ ئات ئويۇنچۇقى ئورناتساق قانداق؟

ھەممە يەردە بولغۇچى خۇدا،
ئۇستەللەرگە تىزدۇق بىز نېمەت
كېلىپ غەمكىن مۇخلىسىڭ پېتىر
كى - كا - پۇ ئۇسسۇلىغا② ئوينىسۇن بىر رەت.
ئاندىن ھاۋالارنى
قايتىدىن قوينىغا ئالسۇنچۇ جەننەت.
بۇيرۇتقىن —
بۇ ئاخشام ئەكېلىپ بېرەي
خىيابان كوچىلاردىن گۈزەل قىزلارنى.

خالامسەن، خالىمامسەن؟
خالىمامسەن، زادى؟

---

① جەننەتتىكى چەكلەنگەن مېۋە دەرىخىنى كۆرسىتىدۇ.
② كى - كا - پۇ ئۇسسۇلى ئەينى چاغدىكى مودا ئۇسسۇل، پېتىر ئەيسانىڭ 12 مۇ-رىتىنىڭ بىرى.

باش چايقىدىڭمۇ، ئەي، پاخماق ساقال؟
ئاقارغان قاشلىرىڭنى ھىمىرىپ، ئەي، چال؟
كەيىنىڭدە تۇرغان شۇ قانىتى كۆركەم،
سۆيگۈنى بىلەمدۇ، بۇنى ئەسكە ئال؟

مەن ھەم پەرىشتىمەن
ئۇلار كۆزىگە
ئۇماق قوزا بولۇپ كۆرۈنەر ئىدىم
غەملەردىن قويۇلغان
سېۋر ۋازىسىن[1]
ئەمدى بۇۋىلەرگە قىلمايمەن تەقدىم.
قولنى ئىككى قىلىپ ياراتتىڭ، خۇدا،
ھەركىمگە بىر كاللا بەردىڭ ھەم پۈتۈن،
ئازابلانماي سۆيۈشنى
سۆيۈشنى
ئەمما
ئويلاپ چىقارمىدىڭ، ئىلاھىم، نېچۈن؟!

ئويلار ئىدىم بۇرۇن قادىر دەپ سېنى
ئەسلىدە بىر كىچىك مەبۇد ئىكەنسەن.
باق بۇ دەم
ئېگىلىپ
قونچۇم ئىچىدىن
كەسپىي پىچىقىمنى ئېلىۋاتىمەن.

قاناتلىق رەزىللەر!

① سېۋر — پارىژ ئەتراپىدىكى بىر شەھەر بولۇپ، ئۇ يەردە فار - فۇر بۇيۇملىرى ياسىلىدۇ.

جەننەتكە يىغىل!....
پېيىڭنى ھۆرپەيتىپ تىترە بۇ كېچە!
سەندەك خۇش ھىدلىقنى مەن تىلىم - تىلىم
تىلىپ باراي بۇندىن ئالياسكىغىچە!

مېنى كىرگىلى قوي!

يولۇمنى توسما!

ناھەققۇ

ھەقمەنمۇ؟ —
تىنچىيالمايمەن.

قار —
يەنە كېسىلدى يۇلتۇزلار بېشى
ئاسماننى بويىدى قىزىل قان بىلەن!
ھەي، سەن!
ئاسمان!
بېشىڭدىكى قالپىقىڭنى ئال!
يولغا چىقماقتىمەن!

جىمىپ كەتتى ھەممىسى.

ئۇخلار كائىنات
سالجىدەك يۇلتۇزلار
سالپاڭ قۇلاقلىرىنى
تىزىغا ئېلىپ.

1914 — 1915 - يىللار

(خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى 1984 ـ يىلى بېيجىڭ نەشرىدىكى «ما ـ ياكوۋسكى ئەسەرلىرى توپلىمى» 2 ـ قىسمىدىن 1991 ـ، 2005 ـ يىللاردا ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىندى؛ «مايىۋۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2005 ـ يىللىق 4 ـ سانىدىن ئېلىندى.)

# باشو خايكۇلىرىدىن



[ئىلاۋە: ماتسۇئو باشو (1644 — 1694 Matsuo Bashu) ياپونىيەنىڭ ئىدەدو دەۋرىدىكى مەشھۇر شائىرى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، «Haiku» دېگەن ژانىر نامى بىلەن بۈگۈنمۇ ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. ]

## سۈكۈت ۋادىسى

1

باھاردىكى ئاي
تۇماندىكى
گۈل چىراي

2

باھار يامغۇرى —
ئويغاتتى مېنى،
قېرى بىر مەزلۇم.

3

زەئىپ دولقۇن ـــ
چىلاشقان پاتقاقتا
مەجنۇنتاللار.

4

لەمپىدىكى قۇشقاچلار
تورۇستىكى چاشقانلار ـــ
ساماۋى مۇزىكا.

5

قارا تۇن ـــ
ساھىل قۇشى قىلار نالە
ئۇۋىسى ئۇچۇن.

6

مۇشۇك مىياڭلايدۇ
ھۇجرا ھاياجاندا
ئاي نۇرى بىلەن

7

ئۇنتۇمىغىن شۇ ئەينۇلىنى
چىچەكلەۋاتقان
چاتقاللىقتا

8

باھار سەلكىن –
توقۇلغان ئاي
ھەم ئەينۇلا ھىدى.

9

تاغدىكى چىغىر يول —
ئەينۇلىنىڭ خۇش پۇرىقىدىن
ئۆرلەيدۇ قۇياش.

10

ئۇخلاۋاتقان سۆگەت،
قانات قاقار
بۇلبۇلىنىڭ روھى.

11

كەينىدە شۇ رەسىدە قىزنىڭ
چېچەكلەۋاتقان
ئەينۇلا.

12

شاپتۇل چېچىكىنىڭ قېشىدا
گىلاس
غۇنچىلىدى تۇنجى قېتىم

13

گىلاس چېچەكلىرى
نۇرلىرىدۇر
ئۆتكەن يىللارنىڭ.

14

قۇرۇغان شاخلاردا
قىرووۋ
كۈز كېچىسى.

15

سېرىق ئەتىرگۈل بەرگى
گۈلدۇرلەيدۇ
شارقىراتما.

16

كۈز شامىلى
ئاپپاق
تاغلار تېشىدىن.

17

قۇشقاچلار،
كەچۇرۇڭلار كۆكۈيۇنلەرنى
گۈلگە قونۇپ ئوينىاپ يۈرگەن.

18

ئۇزۇن چاچلىق
سىم - سىم يامغۇرلۇق ئىيۇننىڭ
يۈزلىرى بىمارنىڭكىدەك ئاق.

19

قارايغان دولقۇنلار —
سۇس ئاق
ياۋا ئۆردەكلەرنىڭ يىغىسى.

20

نامەلۇم سۆڭەكلەر
دالالارغا چېچىلغان
شامال كېسەر جىسمىمنى.

21

قىشنىڭ قارا يامغۇرىدا
ھەتتا مايمۇنمۇ
يامغۇرلۇققا بولدى ئىنتىزار

22

كېپىنەك
ئەگىپ ئۇچۇپ كىردى
ئاق ئەپيۇنگۈلگە.

23

يازنىڭ كېچىسى
قۇرتلارنىڭ تۈگمىشىدىن
بەلگە ئەمەسمۇ؟

24

نەقەدەر تىنچ —
چېكەتكىنىڭ ئاۋازى
تېشىپ ئۆتەر قورام تاشلارنى.

25

شائىر ئېچىندى
تىترەپ تۇرغان مايمۇنلارغا
كۈز شامىلىدا نېمىلەرنى تاشلىدى بۇ بالا؟

26

يوپۇرماقلار بىچارە بالا
گۈرۈچ ئاقلاش ئۈچۈن
ئاينى كۆزلەر.

27

ئويناپ كېچىنەكلەر
خېلى چاغ بولدى
بىللە بولۇشقا خېلى بار يەنە.

28

رۇخسارىڭ گۈل
نەقەدەر بىباھا
تاغ يولىدا.

29

باشلاپقى كۆز
شالىڭ، ئوكيان
يېشىللىق

30

نۇرلۇق ئاي:
سەيلە قىلىمەن كۆلچەك بويىدا،
ھەي، تاڭمۇ يېقىنلىدى.

31

گىلاس چېچەكلىرىنىڭ قويۇنلىرى
ئۆتتى
نىئو كۆلىدىن.

32

ئايدىن گۈل چەمبەر كىيگەن
بامبۇكزاردىن
ئاڭلىنىدۇ كاككۇكنىڭ ئۈنى.

33

دالادىكى بوز تورغاي،
شېرىن كۈيى
قوشۇمچىسىزلىقىنىڭ؟

34

بۇلۇتلار
پۇرسەتتۇر قېچىشقا
ئاينى كۆرۈشتىن.

35

كۆز بورىنى
ياۋا قاۋانلاردىن ئېتىلغان
غازاڭلار بىلەن.

36

كاككۇك
سايرايدۇ، ئۇچىدۇ، سايرايدۇ
كېيىن يەنە باشلايدۇ.

37

كىيوتودىكى ۋاقىت قۇشلىرى
ئىنتىزار يەنە
كىيوتوغا.

38

بىز بىرلىكتە تاماشا قىلغان
شۇ قار
قايتقانمىدۇ؟

39

ئايسىز، گۈلسىز
دوستمۇ ھەم يوق
ئاندىن ئۇ ئىچتى شاراب.

40

نامەلۇم باھار
ئەينەكنىڭ كەينىدە
چېچەكلىدى ئەينۇلا.

41

ئاخىرىدا كۈزنىڭ
قوشنام مېنىڭ
قانداق تۇرغاندۇ؟

42

قوڭغۇراقسىز مەھەللە
باھار ئاخشىمى
ئاڭلىنىدۇ نېمىلەر؟

43

سىياھبېلىق تۈزىقى ــــ
يازدىكى ئاي توقۇغان چۈشلەر
تامام بولدى شۈنچە تېز.

44

كۈز شامالىلىرى
قارا، بۇ كائىنات دەرىخى
كۆكەرمەيتۇ يەنىلا ئانچە.

45

ئورما قۇياشنىڭ ئاستىدا
گۈللەر مۇساپىر ئىكەن
قۇشلارغا ھەم كېپىنەكلەرگە.

46

گۈرۈچ يوقمىكەن قاپاقتا؟
ئۇنداقتا
قاراپ باققىن رەسىدە گۈللەرگە.

47

يالاڭباش
ئاقماقتا سوغۇق يامغۇر
قۇدۇقتا.

48

چاقماق ـــ
قاقىرلارنىڭ يىغىسى
سانجىلىدۇ قاراڭغۇلۇققا.

49

ئۇچۇۋاتقان قوڭغۇراق ئاۋازى
ئۇنلەيدۇ شۇتاپ
گۇگۇمدىكى خۇشبۇي چېچەكلەر.

50

مۇگامى دەرياسى
كۆيۈۋاتقان ئاسماننى سۆرەپ
كىرىپ كەتتى دېڭىزغا.

51

تومۇزغا
سايرايدۇ بىلگىچە
سايراشنىڭ ھېچنېمە ئەمەسلىكىنى.

52

يامغۇردا يۇيۇنغان چاي گۇلى
چۇشەر
ئۆتكۇنچى يامغۇردەك.

53

چۈش لەھزىلىك مۈگدەشتە
تام سوغۇق
پۇتۇمنىڭ قارشى.

54

كاككۇك ناۋاسى
ھالقىپ دولقۇنلاردىن
بارماقتا يىراق.

55

يۈرەك شەكىللىك
پاۋلونىيە ياپرىقىدەك
غېرىب نەرسە يوق.

56

كىم بىلسۇن
گۈمبەمەدەك بېشىدىن
يوپۇرماقنىڭ چۈشۈشىنى!

57

شال تېرىغۇچىلارنىڭ ناخشىسى،
خورلار كېلەر قاياقتىندۇر —
سەنئەت دېگەن شۇنداق تۇغۇلار.

58

ئايدىڭدىكى ئەينۇلا
ساقلاۋاتىدۇ
كېلەي دېدى باھارمۇ.

59

قار ياغقان سەھەر
قاغا كېلەر
قاغا كەينىدىن.

60

كېلىڭلار
گۈللىرىدىن ئازابلىق دۇنيانىڭ
تاماشا قىلىڭلار.

61

كېلىڭلار
تاكى قارغا دەپنە بولغۇچە
قارنى تاماشا قىلىڭلار.

62

سەبدەگۈل سۈكۈتتە
سۈمۈرىدۇ راھىب
ناشتىلىق چېيىمنى.

63

ئەينۇلا دەرىخى
قاغىلارنىڭ
تاشلاندۇق چاڭگىسى.

64

قار ياغقان گۈل
ئېتىمدا
مۆزلىغان سايە.

65

چاۋاك چېلىۋاتىدۇ
يازدىكى ئاي
مەن سەھەردىن بەردىم بېشارەت.

66

كۆز كېچىسى
بىر سەپەركى
ھېچكىم جۈرئەت قىلمىغان.

67

يامغۇرلۇق كۈندە
تامچىلايدۇ پىلە قۇرتى
ئۈجمە دەرىخىگە.

68

كۈزدە
قۇشلار بىلەن بۇلۇتمۇ
كۆرۈندۇ قېرى سىياقتا.

69

نەقەدەر ھەسرەتلىك
ئۇرۇلغان ساۋۇت ئاستىدىكى
چېكەتكىنىڭ ئاۋازى.

70

قانچە ئۇزاق بولدىكىن
كۆرگىنىمگە تاڭ چېچەكلىرىدىن
تەگرىنىڭ چىرايىنى.

71

شاماللاردا ئەكچىپ
قۇرۇغان ئىسكىلىت ــــ
نەقەدەر سوغۇق ـ ھە! بۇ شاماللار.

72

قونغاندا ئاي
دەرەخ شېخىغا
يامغۇر قۇچار يوپۇرماقلار.

73

كاككۇك يىغىسى
قاڭقىيدۇ
كۆلنىڭ دولقۇنلىرىدا.

74

بېلىق دۇكىنىدا
ئېغىزلىرى نەقەدەر سوغۇق
تۇزلانغان بېلىقلارنىڭ.

75

جەنۇبىي مەھەللىدە
ئېلىپ كېلەر شاماللار
قارنىڭ خۇش پۇرىقىنى.

76

ئوماق مودەنگۈلىنىڭ
قېتىدىن
مەستانە ھەرە.

77

يېڭى ئىمچامدا
بۇگۇنكى سەھەر —
بىرى بار، بىرى.

78

يىللار قاتارى
مايمۇن نىقابى
مايمۇندىن دېرەك.

79

يېڭى يىلدىكى باشو، تۇسەيلەر
زاھىت كەيپىدە
خايكۇلىرى بىلەن مۇڭدىشار.

80
يېڭى يىل —
پىكىر تولغىقى
كەچ كۈزدىن قېپقالغان.

81

باھار ھىجرىدە —
قۇشلار چۆچۈگەن،
بېلىق كۆزى ياشلارغا توشقان.

82

باھار يامغۇرى —
دەرەخلەر ئاستىدا
خىرۇستال ئېقىن.

83

نەقەدەر قورقۇنچلۇق.
قىرغاۋۇل ئۈنى —
يىلان قاتىلى.

84

شارقىراتما گۈللەر چەمبىرى —
سۆزلەپ بېرىدۇ،
جاھاننەما ئەينەكلىرىگە.

85

چىشى چاشقان شۇنچىلىك
مۇھەببەتچۇن ۋىجىكلەپ
ئاران ـ ئاران ياشىغان.

86

پايتەختكە —
ئېغىمۋاتقان قار بۇلۇتلىرى
يېرىم ئاسمان ئايىغ ئاستىدا.

87

دەشت: — مەنزىل
مېنىڭ ئېتىمنىڭ
قۇشلار ناۋاسى.

88

يالغۇزلۇق —
تۇتقۇن بولغان چېكەتكە ئۈنى
ساڭگىلىغان تاملاردىن.

89

تولۇن ئاي —
دەرەخنىڭ غولى
مەن كېسىۋاتقان.

90

ھاشاراتلار ناخشىسى
زىمىستاندا باغنىڭ ئۈستىدە
ئاينىڭ تال - تال چاچلىرى.

91

سەن ياش تۆكۈۋاتقان —
ئۆمۈچۈك
ياكى كۆزنىڭ شامىلى؟

92

تۆشۈك تېشەر ئاۋازلار
قىڭسايغان ئىشىكلەردىن
كۆز شامىلى.

93

كۆز ھارپىسى
بېقىشايلى!
ئەي مۇساپىرلار.

94

قار سۈپۈرگىسى تەگكەن
بۇ يول
ئۇنتۇپ كەتتى قارنى.

95

قانچىلىك
كۆرۈش مۇمكىن خازان ئارىسىدىن،
تەڭرى چېھرىنى.

96

ساڭگىلىشىپ بانان ياپرىقى،
ئەسكى كەپەم گىرۋەكلىرىدە —
چوقۇم ئايغا بولدى تاماشا

97

ئەڭ سوغۇق كۈنلەر —
قۇرغان سالمۇنبېلىقى،
قاغجىرىغان تاۋاپ قىلغۇچى.

98

يازنىڭ يامغۇرى —
كەپە تېمىدا قالدۇرغان ئىزلار
شېئىرى كارتىسى.

99

ئاڭلىغۇڭ بولسا
پەرۋانە كۈيى
قىبلىگاھىڭ مېنىڭ كۆلبەمدە.

100

سەكراتتىكى چېكەتكە —
ئىنتىلىدۇ شۇ قەدەر
ئۇنىڭ كۈيى ھاياتقا.

(«پىنگىۋېن كىتابلىرى» 1985 ـ يىلى ئىنگلىزچە نەشر قىلغان «باشو خايكۇلىرى» دىن تەرجىمە قىلىندى.)

## قوشۇمچە (1):

### خايكۇ شېئىرىيىتى (俳句) ۋە باشو (芭蕉) خايكۇلىرى ھەققىدە چۈشەنچە

سىز كۈندىلىك تۇرمۇشتا بىرەر نەرسىنى كۆرگەندە ياكى ئۇ-نىڭغا دىققەت قىلغاندا، بۇلارنى باشقىلارغا بايان قىلىپ بېرىشنى ئىستەيسىز. خايكۇلاردىمۇ دەل شائىر - يازغۇچىلار قانداقتۇر بىر پىنھان جايلاردا كېتىۋېتىپ يېڭىچە ھاياجان ياكى ئىلھامغا ئىگە بولۇپ قالىدۇ - دە، ئۇنى شېئىرىي شەكىلدە ئوقۇرمەنلەرگە بايان قىلىپ بېرىدۇ. ئەمما دىققەت قىلىش كېرەككى، بايان قىلىنغان نەرسە ھەرگىزمۇ كۆرگەن شەيئىنىڭ ئەينەن ئۆزى ئەمەس. گەرچە نۇرغۇن خايكۇلار تەبىئەتكە مەركەزلەشكەندەك قىلسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئەكس ئەتتۈرمەكچى بولغانلىرى پەسىل ئىبارى-لىرى ئارقىلىق دىنىي پىكىرلەرنى ۋە ياكى سىياسىي ئوي - پى-كىرلەرنى ئىپادىلەشتۇر. ئىجادكار ئۆز ئىجادىيىتىدە تەبىئەت ھا-دىسىلىرىگە مەلۇم قارىمۇقارشىلىق ياكى سېلىشتۇرۇشلارنى قو-شۇش ئارقىلىق، ئوقۇرمەنلەرگە گۈزەللىك تۇيغۇسى بېرىش بىلەن بىللە، ئادىمىيلىكنى ئويغىتىپ دۇنيا ھەققىدە ئويلاندۇرۇشتۇر.

خايكۇلاردا ئادەتتە بىر پارچە شېئىر ئۈچ مىسرادىن تەركىب تا-پىدۇ. جەمئىي شېئىر 17 بوغۇم بولۇش ئومۇملاشقان بولۇپ، مىسرا ئايرىم - ئايرىم ھالدا 5، 7، 5 بوغۇم تەرتىپىدىن تۈزۈلىدۇ. ئادەتتە قاپىيە ئېھتىياجى بولمايدۇ. پەقەت ئىجادكاردىن تەبىئەت دۇنياسىدىكى شەيئىلەرنى چۈشەندۈرۈشنى ياكى ئىزاھلاشنى ئە-مەس، بەلكى ناھايىتى چوڭقۇر مەنىلىك تەسۋىرلەرگە ئىگە قىلىش-

نى، دىنىي پەلسەپۋى ئىدىيەلەرگە تويۇندۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. باشقا سەنئەت شەكىللىرىگە ئوخشاش خايكۇلارمۇ ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇ ئىجادكاردىن كۆپ مەشىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ياپونىيە خايكۇ شېئىرىيىتىنىڭ چوققىسى بولغان باشو بۇ ھەقتە توختىلىپ: «ھەربىر خايكۇ ئاز دېگەندىمۇ مىڭ قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن ئاندىن رەسمىي يېزىق ھالىتىگە ئۆتۈشى كېرەك. خايكۇلار چوقۇم ئادەتتىكى گەپ ـ سۆزدىن پەرقلىنىشى، ھەربىر سۆز پەسىل تەسەۋۋۇرى بىلەن بىللە، مەلۇم سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە بولۇشى كېرەك» دەيدۇ. خايكۇ (俳句) ياكى «خايكۇ شېئىرىيىتى» (俳句诗) دەپ ئاتىلىدىغان بۇ ژانىر ياپونىيە شېئىرىيىتىگە خاس بولغان ناھايىتى قىسقا شەكىلدىكى شېئىرلار بولۇپ، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە «ئاخىرسىز شېئىرلار» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. خايكۇلار تۆۋەندىكىدەك ئۈچ ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ:

بىرىنچىدىن، خايكۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ زۆرۈرىيىتى كېسىش بولۇپ، ئادەتتە ئىككى خىل تەسەۋۋۇر ۋە ئىدىيەنىڭ ئىپادىلىنىشىنى ئاساس قىلىدۇ. ئادەتتە كېسىلگەن ئىككى تەسەۋۋۇر ياكى ئىدىيە ئوتتۇرىسىدا بىر دانە پېئىل خاراكتېرلىك سۆز بېرىلىپ، ئالاقىدار ئىشلار ھەققىدىكى جۇدالىق ياكى رەڭ ئېلېمېنتلىرىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئەنئەنىۋى خايكۇلار 17 بوغۇمدىن تەركىب تاپىدىغان بولۇپ، ھەربىر شېئىر بىر كۇپلېت، ئۈچ مىسرا بولىدۇ. مىسرالاردىكى بوغۇم سانى 5، 7، 5 ھالىتىدە بولىدۇ. ئۈچ مىسرانىڭ خالىغان بىرى شېئىرىي قۇرۇلمىلىق بىرلىك بىلەن تەمىن ئېتىدىغان كەسمە سۆز بىلەن ئاخىرلاشقان بولىدۇ. گەرچە خايكۇلاردا 17 بوغۇم بولىدۇ دېيىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بەزى خايكۇلاردىكى ئۇرغۇ ۋە بوغۇملار دائىم بىردەك بولۇۋەرمەيدۇ. شۇنداقلا بىر يەردىكى پەسىل ئىبارىلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ خۇسۇسىيىتى ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەبىئىي ئاتالغۇ ياكى سۆزلەردىن تاللىنىۋەرمەيدۇ.

ئۆچىنچىدىن، خايكۇلاردا دائىم بىرەر پەسىل ئىبارىلىرى، پە-
سىل، يىل ياكى ئاي نامىلىرىدىن ئايرىۋېلىنىدىغان بولۇپ، ئاشۇ
خىل ئىبارىلەرنىڭ مۇبالىغە قىلىنغان ۋە ياكى ئېنىق ئاتالمىلى-
رىدىن تاللىنىدۇ.

ھازىرقى زامان ياپونىيە خايكۇلىرى ئەنئەنىۋى 17 بوغۇملۇق،
تەبىئەتنى ئوبيېكت قىلغان شەكىلدىكى خايكۇلاردىن پەرقلىنىدى-
غان بولۇپ، پەقەت تەڭداش باغلىغۇچىلار ياكى تەڭداش بىرىكمى-
لەردىن پايدىلىنىش ھەر ئىككى دەۋر خايكۇلىرىنىڭ ئورتاق ئالا-
ھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. تەسەۋۋۇرنى بىلدۈرىدىغان تەڭداش بۆلەك-
لەر بىۋاستە كۆندىلىك ئىشلار ياكى كۆندىلىك ھادىسىلەرگە باغ-
لىنىدۇ.

ياپونىيەدە، خايكۇلار ئەنئەنىۋى ئۇسلۇب بويىچە پەقەت بىرلا
مىسرا بويىچە يېزىلىدىغان بولۇپ، ئىنگلىز تىلى باشقا بوغۇملۇق
يېزىقنى ئاساس قىلىدىغان تىللاردا ياپون خايكۇلىرىدىكى ئۈچ
پاراللېل ئىبارىنى ئىپادە قىلىش ئۈچۈن ئۈچ مىسرا بويىچە تەر-
جىمە قىلىنىدۇ ياكى يېزىلىدۇ.

خايكۇ شېئىرىي شەكلى بۇرۇن «خوككۇ» دەپ ئاتالغان بولۇپ،
«خايكۇ» ئىبارىسى بولسا 19 - ئەسىر ياپونىيە يازغۇچىسى ماساۋكا
شىكىدىن باشلانغان ھازىرقى زامان ياپون تىلىدىكى ئاتالغۇسىدۇر.

## خايكۇلاردىكى بوغۇم ۋە ئۇرغۇلار

ئىنگلىز تىلىدىكى رىتىم ۋە ۋەزىن بىلەن ئۆلچىنىدىغان شې-
ئىرلارنىڭ ئەكسىچە ياپونىيە خايكۇلىرى بوغۇم ياكى ئۇرغۇ سانى
ئارقىلىق بىرىككەن بىرىكمىلەر ئارقىلىق پەرقلىنىدىغان بولۇپ،
ئادەتتە ھازىرقى زامان خايكۇلىرىنىڭ ھەربىر مىسرالىرىنىڭ ياكى
كەسمە سۆزنىڭ بوغۇم سانى 5، 7، 5 ھالىتىدە بولىدۇ. ئەمما دىق-
قەت قىلىشقا تېگىشلىك يېرى شۇكى، ياپونىيە خايكۇلىرى ئىنگ-
لىز تىلىغا تەرجىمە قىلىنغىنىدا كۆپرەك 17 بوغۇمغا مۇقىملىشىپ

قالغان بولۇپ، ياپون تىلىدىكى بىر قىسىم بوغۇملار باشقا تىللار- دىكى ئىككى بوغۇمغا تەڭ بولۇپ قالىدۇ. ياپون يېزىقى شەكلىنى ئاساس قىلغان تەسۋىرىي يېزىق بولۇپ، بۇ خىل خايكۇلار باشقا بوغۇملۇق يېزىقلارغا كىرگەندە ناھايىتى كۆپ ئۆزگىرىشلەرگە ئۇچرايدۇ.

17 - ئەسىردە ياپونىيەلىك ئىككى نەپەر شائىر، «خايكۇ ئۇستى- سى» خايكۇ ژانىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ئۇنىڭغا يېڭىچە نام - شۆھرەت ئاتا قىلغان بولۇپ، ئۇلار ماتسوئۇ باشو بىلەن ئۇشىما ئو- نىتسۇرا (1661 — 1738) لاردۇر. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ پۈتكۈل قۇرۇلمىسىدا سۆز ئاھاڭى بىلەن ئۇرغۇ ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان. (Basho 1694 — 1644 and Ueshima Omitsura 1738 — 1661) بۇ ئىككىيلەننىڭ خايكۇ ژانىرىغا قوشقان ئەڭ چوڭ تۆھپىسى بۇرۇنقى تەبىئەت لىرىكىلىرىنى ئاساس قىلغان شېئىرىي شەكىلگە يۈكسەك دىنىي ۋە پەلسەپىۋى مەزمۇن قاتقان بولۇپ، ئۆز ئەسەرلىرىنى كىشى- لەرگە بولغان مەنىۋى يېتەكلەش رولىغا ئىگە قىلغان.

خايكۇ ژانىرىنىڭ كېيىنكى دەۋردىكى يەنە بىر ئۇستىسى يوسا بوسۇن بولۇپ، بۇ شائىر يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان باشو ئېقىمىنى تىرىلدۈرۈپ، باشونى ياپونىيەدىكى بىر مەشھۇر شەخسكە ئايلاندۇرغان. ئۇنىڭ ئەڭ زور تۆھپىسى رەسساملىق بىلەن خايكۇ ژانىرىنى بىرلەشتۈرۈپ يېڭىچە ئېستېتىك زوق پەللىسى ياراتقان.

**باشو (松尾芭蕉) ۋە ئۇنىڭ خايكۇ (俳句) ئىجادىيىتى**

ياپونىيە شائىرى، كۈندىلىك خاتىرە يازغۇچىسى باشو 1644 - يىلى كىيوتى شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 13 ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى ئىگا ئۆلكىسىنىڭ ئۇئېنو دېگەن جايىدا تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىر ئاكىسى، تۆت سىڭلىسى بولغانلىقى مەلۇم. ئۇ- نىڭ دادىسى ماتسوئوزائىمون تۆۋەن دەرىجىلىك ساموراي بولۇپ، تىنچلىق دەۋرىدە ئاددىي دېھقانچىلىق بىلەن ئادەتتىكىدەك تۇرمۇش

كەچۈرگەن. شائىرنىڭ ئانىسى ئۇئىنوغا يەرلىك ئايال بولۇپ، هايا-
تىنى پەرزەنتلىرى ۋە يولدىشىغا ئاتاپ ئادەتتىكىدەك ئاخىرلاشتۇر-
غان. شائىر 1656 ـ يىلى دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن يەرلىك
فېئودال خاقان، سامۇراي تودو يوشىتادانىڭ قەسرىگە خىزمەتكە
كىرگەن. بالىلىق ۋە ياشلىق دەۋرىنى يەرلىك خاقاننىڭ ئوغلىغا
هەمراھ بولۇپ ئۆتكۈزگەن، شۇنداقلا قەسىردە ناهايىتى ياخشى مۇ-
ئامىلىگە ئۇچرىغان هەم شاهزادە بىلەن بىرلىكتە ئىلىم تەھسىل
قىلىپ، ئېسىل تەربىيەگە ئىگە بولغان، شۇنداقلا 17 بوغۇملۇق
شېئىر يېزىشنى ئۆگەنگەن. ئۇ مۇشۇ مەزگىلدە، يەنى 1662 ـ يىلى
ئەتراپىدا ئۆزىنىڭ تۇنجى شېئىرلىرىنى يازغان. يوشىتادا ۋاپات
بولغاندىن كېيىن، يەنى 1666ـ يىلى باشو سارايدىكى خىزمىتىدىن
ئىستېپا بېرىپ، 1667 ـ يىلى ئەتراپىدا ئېدو، يەنى هازىرقى كى-
يوتودىكى توكيوغا كۆچۈپ بېرىپ، داۋاملىق شېئىرىيەت ئىجادى-
يىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ يازمىلىرىدىن شۇ نەرسە ئېنىق-
كى، ئۇ 1672 ـ يىلىغىچە توكيودا بولغان بولۇپ، ئەدەبىيات كەس-
پىنى ئارزۇ قىلىپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن هەم شېئىرىيەتنىڭ
هەرقايسى شەكىللىرىدە 200 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر يازغان.
ئۇلاردىن باشقا يەنە ئۇنىڭ 100 پارچىدىن ئارتۇق خايكۇلىرى «18
قېتىملىق خايكۇ مۇنازىرىسى» ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلگەن. ئۇ
شۇ دەۋرلەردىن باشلاپ توسەي نامىدا مەشهۇر بولغان بولۇپ، يەنە
ئەڭ قابىل شاگىرتلىرىنىڭ خايكۇلىرىنى توپلاپ «توسەينىڭ 12
شاگىرتىنىڭ ئەڭ نادىر خايكۇلىرى» دېگەن ئەسەرنى روياپقا چى-
قارغان. هاياتىدا باشقا خايكۇ ئۇستىلىرىغا ئوخشاش ئۇمۇ نۇرغۇن
مۇنازىرىلەرگە يېتەكچىلىك قىلغان، بۇ مۇنازىرىلەرنىڭ ئىچىدە
«رۇستىك خايكۇ مۇنازىرىسى»، «يېشىل قارىغاي خايكۇ مۇنازىرى-
سى» قاتارلىقلار ئەڭ داڭلىق. 1680 ـ يىلى ئۇ ئېدو شەھىرىنىڭ
سىرتىغا چىقىپ سۇمىدا دەرياسى بويىغا كەپە تىكىپ زاهىت بول-
غان. ئەمما ئۇزاققا قالماي بۇ ئاددىي كەپە شاگىرت ۋە مۇرىتلارغا

توشۇپ كەتكەن. بۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە نۇرغۇن ياش خايكۇ بوغۇنلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىققان، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى تۈزەتكەن ۋە مۇكەممەل ئەسەر يارىتىش ھەققىدە تەلىملەرنى بەرگەن. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ نۇرغۇن ۋاقتى شاگىرت ۋە مۇرىتلار تەرىپىدىن ئىگىلىنىپ، ئاقىۋەتتە تەپەككۇرغا ۋاقتى چىقمىغاچقا ئۇ ئىشىكنى تاقاپ بىمار قىياپىتىدە ئېتىكاپقا كىرگەن. كېيىنچە بۇ ئۇسۇلىمۇ كارغا كەلمەي دەرۋىشلىك يولىنى تۇتۇپ، قالغان ئۆمرىنى دۆلەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى بۇتخانىلارنى ۋە دەۋرداش شائىرلارنىڭ كۆلبىلىرىنى زىيارەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ يازمىلىرى بۇددا دىنى زىن تەرىقىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان.

ئۇنىڭ يازمىلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، باشونىڭ ئەسلىي ئىسمى ماتسوئو كىنساكۇ بولۇپ، ئۇ ياپونىيە ئەدەبىيات تارىخىدىكى تۇنجى ئۇلۇغ خايكۇ شائىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ كېيىنچە مۇرىتلىرىدىن بىرى ھەدىيە قىلغان دەرەخنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۆزىگە شۇ دەرەخ نامىنى، يەنى «باشو» دېگەن نامنى قوللانغان. يەنە بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن خەلق تەرىپىدىن «توسەي» دېگەن نامدىمۇ ئاتالغان.

ئەدەبىيات ساھەسىدىكى باشو ياپونىيە ئەدەبىيات تارىخىدىكى قاراڭغۇ دەۋر (1425 — 1625) دىن كېيىن مەيدانغا چىققان بولۇپ، بۇ دەۋر يېڭىچە شېئىرىيەت كۆپلەپ مەيدانغا كېلىۋاتقان ئالتۇن دەۋرنىڭ باشلىنىشى، يەنى توكۇگاۋا دەۋرىنىڭ (1603 — 1867) باشلىنىشى ئىدى. بۇ چاغلاردا خايكۇ ئىجادىيىتى ئاللىقاچان ئومۇملىشىپ بولغان بولۇپ، خايكۇ شېئىرىي شەكلى ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت پىرىنسىپلىرىغا ۋە شەكىلگە ئىگە ئىدى. ئەمما بۇ يېڭى دەۋردە پەقەت باشولا يەككە - يېگانە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق بۇ خىل شېئىرىي شەكىلنى قايتا گۈللەندۈرگەن ھەم بۇ خىل شېئىر ئىجادىيىتى ئۈچۈن ئۇ پۈتۈن ياپونىيە زېمىنىنى كې-

-زىپ يۈرۈپ يېڭى مەنزىرە ۋە يېڭىچە كەچمىشلەرنى ئىزدىگەن. نە-
تىجىدە، ئۇنىڭ ئەمگەكلىرى تېزلا خەلق تەرىپىدىن بايقىلىپ يۈك-
سەك قەدىر ـ قىممەتكە ئىگە بولغان. ئۇ ھاياتىدا ئاز بولغاندىمۇ
1000 پارچىدىن ئارتۇق خايكۇ يازغان بولۇپ، يەنە 1000 پارچىدىن
ئارتۇق ساياھەت تېز يازمىلىرىنى ۋە باشقا تەبىئەت لىرىكىلىرىنى-
مۇ يازغان. ئۇنىڭ تەبىئەت تەسۋىرىگە بېغىشلانغان ئەڭ داڭلىق
ئەسەرلىرىدىن بىرى، «يىرتىق بوغچا ساياھەت خاتىرىسى» بولۇپ،
ئۇ بۇ ئەسىرىدە ئۆزىنىڭ شېئىرىيەت كۆزقاراشلىرىنى ئاشكارا
قىلىپ مۇنداق دېگەن: «مېنىڭچە، ياخشى يېزىلغان شېئىر
جىرالاردا شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان ئېقىندەك سۈزۈك ۋە رىتىملىق
بولۇشى كېرەك.»

باشو ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا، ئاڭلىق رەۋىشتە پەقەت خايكۇ ئىجا-
دىيتى بىلەنلا شۇغۇللىنىپ، بۇددا دىنى زىن تەرىقىتىنىڭ ئىدد-
يەلىرىنى ئۆز يازمىلىرىغا كىرگۈزۈشكە باشلىغان. نەتىجىدە، با-
شونىڭ پىشىپ يېتىلگەن خايكۇلىرى ئوقۇرمەنلەر تەرىپىدىن كا-
رۇمى دەپ ئاتىلىپلا قالماستىن يەنە زىن تەرىقىتىنىڭ بىر قىسىم
مۇخلىسلىرى تەرىپىدىن «سابى»، «ۋابى» نامىلىرىدىمۇ ئاتالغان. سا-
بى — زىن تەرىقىتىدىكى تەنھالىق، يەككە ـ يېگانىلىكنى كۆرسى-
تىدىغان بولۇپ، زاھىتلىق ھاياتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىنى كۆر-
سەتسە، ۋابى — نامراتلىق روھىنىڭ تەسۋىرلىنىشى بولۇپ، زاھىت
كەيپىسىدىكى ئاددىي ھاياتنىڭ لەززىتى ۋە بەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ.

باشو ئۆزىدىن ئىلگىرىكى تۇنجى خايكۇ شائىرلىرىنىڭ ئەسەر-
لىرىگە يېقىندىن دىققەت قىلغان. ئۇلاردىن ئەڭ مەشھۇرلىرى سو-
كان (1458 — 1546) بىلەن مورىتاكى (1472 — 1546) لار بولۇپ،
ئۇلارنىڭ يازمىلىرىدىن باشو دەۋرىگە يېتىپ كەلگەنلىرى ناھايىتى
ئاز ئىدى. باشونىڭ نەزىرىچە، ئىجادىيىتىدە ئۇلارنىڭ خايكۇ ئۇس-
لۇبىنى خاس شېئىرىي شەكىلگە ئىگە قىلىپ، ئۆزئارا مۇناسىۋەت-
لىك 17 بوغۇمدىن بىر پارچە خايكۇ ھاسىل قىلغانلىقىنى بىلىۋال-

غىلى بولاتتى. گەرچە ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ شېئىرلىرى ئىخچاملىقتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىغان بولسىمۇ، ئەمما تەبىئەتكە بەك يېقىنلىشىپ كېتەلمىگەنىدى. قەدىمكى يازمىلارنىڭ كۆپ قىسمى ھەقىقىي كارامىغا چۈشمەيتتى. باشو ئۆز شېئىرلىرىنى شۇنچىلىك يېنىك ھېس - تۇيغۇلارغا تويۇندۇرغانكى، بەزى چاغلاردا ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە ۋاقىت تۇيغۇسىنى، بوغۇم چەكلىمىلىرىنىمۇ يوقىتاتتى. بۇ خىل ھال ياپونىيە خايكۇ شېئىرىيەت تارىخىدىكى 300 يىل جەريانىدا كەم ئۇچرايدىغان ھادىسىلەردىن ئىدى. باشودىن باشلاپ يېڭى دەۋر ئىجادكارلىرى بۇ چەكلىمىلەرنى ئۆزگەرتىشكە باشلىدى. شۇنداق بولسىمۇ باشو يەنىلا كۆپ نۇقتىلاردا ئەنئەنىنى ياقلىغۇچى بولۇپ، ئۇنىڭ شېئىرلىرى كىلاسسىك خايكۇلارنىڭ قۇرۇلما ئەنئەنىسىگە يېقىندىن ياندىشاتتى. يەنى كەسمە سۆز ۋە پەسىل ئىبارىلىرىگە تويۇنغانىدى.

ئۇنىڭ دەسلەپكى ھاياتى ۋە شېئىرىيەت ئىجادىيىتى ھەققىدىكى مەلۇماتلار ناھايىتى ئاز بولۇپ، باشونىڭ خايكۇلىرى زېن تەرىقىتىنىڭ ئىدىيەلىرى بىلەن تويۇنغان بولۇپ، شائىر ئۆزىنى «يېتىشكەن بىر زېنىست» دەپ قارىغان. يازمىلىرىنى شېئىر ئەمەس، بەلكى «تەرىقەت ھېكمىتى» دەپ چۈشەنگەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ ئەزەلدىن تەبىئەتتىن ئايرىلمىغان بولۇپ، تەبىئەتنى قۇرۇق تەسۋىرلەشتىن پەلسەپىۋى، دىنىي ئاڭغا تويۇندۇرۇشنى ئۆزىگە مىزان قىلغان.

# ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات دەرس- لىكلىرىگە كىرگۈزۈلگەن تەرجىمە شېئىرلار

## كېچە

يېسىنىن (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى)

شۈڭگۈماقتا چۈشلەرگە دەريا،
جىمىپ كەتتى خىلۋەت ئارچىزار.
غايىب بولدى بۇلبۇلنىڭ ئۈنى،
ئۈنلىمەيدۇ چوپان قۇش زىنھار.

گۈگۈم چۈشتى، ھەممە ياق تىمتاس،
ئېرىق سۈيى ئاقار شىرىلداپ.
كۈمۈش رەڭدە تۇرار يېيىلىپ،
ئاي نۇرىغا چۆمۈلگەن ئەتراپ.

يالتىرايدۇ دەريادا يۇلتۇز،
ئېقىنلاردا كۈمۈش رەڭ جۇلا.
ئوسا بولغان دالادا ئوتلار،
چاقنىتىدۇ كۈمۈش رەڭ زىيا.

گۈگۈم چۈشتى ھەممە ياق تىمتاس،
چۈشەكەيدۇ تەبىئەت ئانا.
ئاي سېپىدۇ ئاپپاق نۇرىنى،
ھەممە ياقتا كۈمۈش رەڭ جۇلا.

## تومۇزغا بىلەن چېكەتكە

جون كېتسىن (ئەنگلىيە)

ئۆكسۈمەيدۇ زېمىننىڭ كۈيى:
ئەۋجىگەندە تومۇز ئاپتىپى.
قۇشلار قاچتى سالقىن ئورمانغا،
پەقەت بىر ئۈن قاشانى ئويلاپ
ئېگىزلىقتا ئۇچار ھەر يانغا.

ناخشىسى ئۇ تومۇزغىلارنىڭ
ياز پەسلىگە بولغان شۇنچە زار.
نېمە ھاجەت يېپىشكە ۋايىم
بۇ خۇشاللىق تۈگىمەس زىنھار.

ھاردۇق يەتسە كۈيلەپ مۇبادا
چىمەنلەردە ئالىدۇ ئارام.
توختىمايدۇ زېمىننىڭ كۈيى
ناخشا مەڭگۈ قىلىدۇ داۋام:

سوكۇناتقا ئايلىنار قىروۋ
كەلسە تىمتاس قىشنىڭ ئاخشىمى
يانلىرىدا ئىسسىق ئوچاقنىڭ
چېكەتكىلەر باشلار ناخشىنى.

ئاستا ـ ئاستا ئۆرلەپ هارارەت
ئادەملەرنى چىللار ئويغۇنغا.
سايرىغاندەك تويۇلدى شۇ تاپ،
تومۇزغىلار مەخمەل تاغ ئارا.

## ۋەتەن

لېرمونتوف (رۇسىيە)

مىسلىسىز سۆيگۈدە سۆيدۇم ۋەتەننى،
ئەقلىم بۇ سۆيگۈگە كېلەلمەس غالىب.
قانلار بەدىلىگە كەلگەن شان ـ شەرەپ،
مەغرۇر ساداقەتنىڭ سۈكۇناتلىرى،
هەتتا، ئەلمىساقنىڭ رىۋايەتلىرى.
بەزلەپ بۇ ئىشقىمنى قىلالماس غايىب.

سۆيىمەن، بىلمەيمەن لېكىن نە ئۈچۈن —
ئوتلاقلارنىڭ سالقىن جىمجىتلىقىنى.
شامالدا يەلپۈنگەن چەكسىز ئورماننى،
ئويقۇلۇق دەريانىڭ جۇشقۇنلۇقىنى.

هارۋىدا ئولتۇرۇپ قىلغۇم بار سەيلە
خىلۋەت سەھرادىكى چىغىر يوللارنى
تەمكىن نەزەر بىلەن قىلسام تاماشا
خىيابان تۈندىكى چەكسىز سامانى.

تۈندە قونالغۇنىڭ غېمىنى قىلىپ
كۆزلەپ ماڭسام دەيمەن غېرىب ئاۋۇلدا ــــ
چىراغلاردىن تىترەپ چىققان زىيانى.
تارتىدۇ مەيلىمنى تۈتۈنلۈك گۈلخان،
يايلاقتا تۈنىگەن ئۇلاغلىق كارۋان.
زەپىران دالادا كىچىك دۈمبەلدە،

ئىككى تۈپ ئاق قېيىن
قارىشىپ تۇرار.

باشقىلار چۈشەنمەس خۇشاللىق ئىچرە،
باقىمەن چەشلەنگەن خامان چېھرىگە،
گۈلدار گۈرجەكلەرگە سالىمەن نەزەر،
پاخالدا چۈمكەلگەن دېھقان ئۆيىگە،
شەبنەم يالتىرىغان بايرام ئاخشىمى.
مەست بولغان دېھقانىنىڭ كۆلكىلىرىدە،
ئىسىرىققا تەڭكەش ئۇسسۇل زەۋقىدە،
مەن كىرىپ كېتىمەن تۈنىنىڭ ئىچىگە.

## نېگىرلارنىڭ نەزىرىدىكى دەريا

### ھيۇس (ئامېرىكا)

چۈشىنىمەن دەريالارنى،
چۈشىنىمەن دۇنيادەك قەدىم دەريالارنى
ئىنسانلارنىڭ تومۇرىدىكى قاندىنمۇ قەدىم.

قەلبىم دەريا كەبى چوڭقۇرلاپ كەتتى.

تۈندە قونالغۇنىڭ غېمىنى قىلىپ
كۆزلەپ ماڭسام دەيمەن غېرىب ئاۋۇلدا —
چىراغلاردىن تىترەپ چىققان زىيانى.
تارتىدۇ مەيلىمنى تۈتۈنلۈك گۈلخان،
يايلاقتا تۈنگەن ئۈلاغلىق كارۋان.
زەپىران دالادا كىچىك دۈمبەلدە،

ئىككى تۈپ ئاق قېيىن
قارىشىپ تۇرار.

باشقىلار چۈشەنمەس خۇشاللىق ئىچرە،
باقىمەن چەشلەنگەن خامان چېھرىگە،
گۈلدار گۈرجەكلەرگە سالىمەن نەزەر،
پاخالدا چۈمكەلگەن دېھقان ئۆيىگە،
شەبنەم يالتىرىغان بايرام ئاخشىمى.
مەست بولغان دېھقاننىڭ كۈلكىلىرىدە،
ئىسرىققا تەڭكەش ئۈسسۈل زەۋقىدە،
مەن كىرىپ كېتىمەن تۈننىڭ ئىچىگە.

## نېگىرلارنىڭ نەزىرىدىكى دەريا

### ھىيۇس (ئامېرىكا)

چۈشىنىمەن دەريالارنى،
چۈشىنىمەن دۇنيادەك قەدىم دەريالارنى
ئىنسانلارنىڭ تومۇرىدىكى قاندىنمۇ قەدىم.

قەلبىم دەريا كەبى چوڭقۇرلاپ كەتتى.

سەھەر شەپقىدە ئېفرات دەرياسىدا يۇيۇنىمەن.
كونگو دەريا ساھىلىغا سالدىم مەن كەپە،
سۇنىڭ ئەللەيلىشىدە ئۇيقۇدايمەن.
باقىمەن ئېگىزدە نىل دەرياسىغا.
بويىغا ئەلئېھرامنى قىلدىم مەن بىنا،

لىنكولن يېڭى ئورلىيانغا بارغىنىدا
ئاڭلىدىم مىسسىسسىپى ناخشىسىنى
دۇغ كۆكسىدە كۆردۇم مەن ئۇنىڭ
كەچكى شەپەقنىڭ يالتىرىشىنى.

چۈشىنىمەن دەريالارنى،
قەدىمىي، قاپقارا دەريالارنى.
قەلبىم دەريا كەبى دولقۇنلاپ كەتتى.

## مېڭىلمىغان يول

روبېرت فىروست (ئامېرىكا)

ئىككى يول بار ئالتۇن رەڭلىك ئورماندا،
ئەپسۇس، پەقەت ماڭالايمەن بىرىدە
كۆز تاشلىدىم بىر يولغا مەن دوقمۇشتا،
باقتىم ئۇزاق، كۆزۈم يەتكەن يېرىگە،
كىرىپ كەتكەندى ئورمان ئىچىگە.

تاللىۋالدىم يولنىڭ يەنە بىرىنى،
چۆپلەر باسقان، خىلۋەت ئىدى زىيادە،
گۈزەللىكى تارتار كۆڭۈل مەيلىنى.
شۇنداق يول بۇ يولۇچىسى بەكمۇ ئاز،
ئاز كۆرسەن سەيياھلارنىڭ ئىزىنى.

ئاياغ ئىزى كۆرۈنمەيدۇ شۇ سەھەر،
ياتار يوللار غازاڭلارنىڭ ئاستىدا.
نېمە ئامال، كېيىن ماڭاي بىر يولدا،
بىلىمەنكى، بۇ يول چەكسىز، بىپايان،
قالماي دېدىم يانالمىغان ئەھۋالغا.

ئۇزاق يىللار ئۆتۈپ بەلكىم، بىر جايدا،
ياد ئېتەرمەن يېنىككىنە ئاھ ئۇرۇپ،
ئاچا يول بار بۇك ئورماننىڭ قوينىدا،
بېكىتتىم مەن بىر ئۆمۈرلۈك يولۇمنى —
قەدەم ئىزى شالاڭ ئاشۇ بىر يولنى،
تاللىۋالدىم ئۇزاق تۇرۇپ، ياقتۇرۇپ.

قوشۇمچە(2):

# جۇ گوپىڭ شېئىرلىرىدىن



[ئىلاۋە: جۇ گوپىڭ (周国平، 1945 —) زامانىمىزدىكى ئاتاقلىق تەرجىمان ھەم شائىر. ئۇنىڭ يەنە پەلسەپە تەتقىقاتىغا دائىر نۇرغۇن كىتابلىرى بار. پەلسەپىۋى پىكىرلەر بىلەن سۇغىرىلغان قىسقا نەسرلىرى، ئاددىي - ساددا، يەڭگىل يېزىلغان نەپىس شېئىرلىرى ئۇنى بۇگۈنكى جۇڭگو ئاممىباب شېئىرىيىتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىللىرىنىڭ بىرى بولۇش شەرىپىگە ئېرىشتۈردى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ھەر خىل قاتلامغا تەۋە كىتابخانلار سۆيۈپ ئوقۇماقتا. ھەتتا خاتىرىلىرىگە كۆچۈرۈپ ساقلىماقتا. تۆۋەندە ئۇنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرىنى مۇلاھىزەڭلەرگە ۋە بەدىئىي زوقۇڭلارغا سۇندۇق.]

## باغ

ئادەمسىز باغ ئىچىدە،
سۆيۈپ قالدىم ئۆزۈمنى.

كۈلدۈم
ئىگە بولغاچ شېئىرغا.

يىغلىدىم
بولغاچ مەندە شېئىرلا.

## جىمجىتلىقتىكى رەسىم

بۇلبۇل پىيى لەيلىمەكتە ئاپتاپتا.
تەنها سۇۋادان

چىقىرىپ تالىپتەك ۋىجىك قولىنى،

دۇئا قىلار كەچكى شەپەققە.
تاشنىڭ مېڭىسىگە
بىلگەنلىرىنى،
گاچا زېمىن ئويۇپ قويار ئۇن ـ تىنسىز.
خۇدا
ئەڭ ئاخىرقى ياراتمىشىڭ مۇشۇمۇ.

## كۇتۇش

تۇرماقتىمەن يىل ـ يىللاپ،
كۇمۇشئۆرۈك دەرىخىنىڭ قېشىدا،
كۇتۇپ گويا ۋاقىتسىز بىر ۋىسالنى.

يېشىل ياپراق پۇتتى سارغىيىپ،
سەيياھلارمۇ كېلىپ كەتتى ھەم.
بىر چىرايىنى ماڭا ناتونۇش،
كۇتمەكتىمەن يەنىلا بۇ دەم.

بىلمەيمەنكى، سورىما مەندىن،
شۇنچە ئۇزاق كۇتكىنىڭ كىم دەپ.

شۇ ئېنىقكى، كەلسە ئۇ ئەگەر،
بىر قاراپلا تونۇيمەن شۇ دەپ.

يۈرمەكتە ئۇ كېچە ھەم كۈندۈز،
ئىشىنىمەن بۇنىڭغا شەكسىز.
كېلەر مۇشۇ دەرەخكە قاراپ،
باسقان چىغىر يوللىرى چەكسىز.

## يول

ئەكس ئېتەر ئاسفالت يولدا،
جىمجىتقىنە يۇلتۇزلۇق ئاسمان.
نىگاھىڭنى، نىگاھلىرىڭنى،
سالغىن كېچە سۈنارمەن تامان.

سوراپ يۈرۈش نېمىگە ھاجەت،
كېلىپ قايدىن بارىسەن نەگە.
ئارتۇقچىدۇر قورقۇش ۋەھىمە،
كۆزلەر كۆزگە تىكىلگەن دەمدە.

مېڭىۋەرگىن، يوللىرىم مېنىڭ،
تاپىنىڭدا تۇرار يېيىلىپ.
رەڭدار پەيلەر ئۇچقان گەز ئارا،
بارار قۇشلار يۈرتقا يول ئېلىپ.

تۇرالغۇمىز بوپ قالار ئېنىق،
بىر تۇپ دەرەخ بولسا مۇبادا.
بولار بىزدە پارلاق نۇر - زىيا،
بىرلا يۇلتۇز بولسا سامادا.

## سەھەردىكى ئاي

سەھەردىكى كۈنسىز ئاي،
تاڭ مەڭزىدە تۇرغان ئالتۇن ياش.

ئېيتقىنا، مەن قوياي‌مۇ سۇرتۇپ،
كېچىنىڭ بۇ قالدۇق ئىزىنى.
شۇنچە گۈزەل ھۆسنۈڭگە سېنىڭ،
غەمكىن سېھىر بېغىشلىسۇن دەپ،
قالدۇراي‌مۇ ۋە ياكى ئۇنى.

## ئورماندا

ئورمانلىقتا يالغۇز بىر ئايال
خاراب بولغان ئاق قەسىر،
قىزىل ئېرەن
ئايال گويا سۇپسۇزۇك ئېرىق
يۇرىكىنى ئىچەر ئۆزىنىڭ.

## ئىلھام

كالدۇسكوپتەك كۆزۈڭ ئىچىدە،
تۇرار مېنىڭ تەقدىرىم ئۇۋاق.
گاھ چېچىلار تال - تال غازاڭدەك،
گاھ يىغىلىپ بولار باتاناق.

قېنى بەخت، قېنى ھەم لەگلەك،
شېئىر ىمنىڭ ئارگىنالىدا ـــ
ئېتىۋېلىپ سېنىڭ كۆزۈڭنى،
شېئىر پۈتتۈم لەۋلىرىڭ ئارا.

سۈرەن سالما، ئەي كەپسىز بالا،
قىزىل كىرېست تۇرار ئاق تامدا.
كېسەل بولغان بىر ھەسەن ـ ھۈسەن،
ساڭگىلايدۇ ئۈپۈقتا، كۆكنىڭ ـــ
قىزىتمىسى ئۆرلىگەن چاغدا.

**ھەممە نەرسە كېتەر بەرىبىر**

كېتەر ھەممە، قالار ئەسلىمە ـــ
ئېغىر ياكى كۆكۈن ھالەتتە.

كېتەر ھەممە، قېپقالىدۇ ئۆز،
سەگەكلىكتە ياكى تەڭلىكتە.

كېتەر ھەممە، قالىدۇ ئۆلۈم،
توساتتىن يا ئاستا سۈرئەتتە.

كېتەر ھەممە، قالماس ھېچنېمە،
مەڭگۈلۈككە ـــ ئەبەدىيلىككە.

## ئىستەك

سۇدا ئۆسكەن گىياھلار كەبى،
ئۇزۇن ـ ئۇزۇن كىرپىكىڭ ئارا؛
چاقناپ تۇرغان سېنىڭ كۆزلىرىڭ،
بىر جۇپ قارا بېلىجان گويا.

ياقىسىدىن كىيىملىرىڭنىڭ،
شۇڭغۇتىمەن يۈز ـ كۆزلىرىمنى؛
پۇراپ كەتتىم كۇنگە قاقلانغان،
مېۋەڭنىڭ خۇش شېرىن ھىدىنى.

يەلكىنىنى يايغان بىر كېمە،
لەيلەپ يۇرەر دېڭىز كۆكسىدە؛
يۇر، مەن بىلەن پەقەت ۋە پەقەت،
بىز ئىككىمىز بولايلى بىللە.

## مۇنار ۋە قانال

قارلىغاچلار ئۇركۇپ مۇنارنىڭ،
ئەتراپىدا ئۇچار پىرقىراپ.
بىر دۆۋە كۇل گويا بەھەيۋەت،
ئىسرىقداندىن توزىدى شۇ تاپ.

پەرەنجىلىك موناختۇر گويا،
تۇپتۇز قانال بويىدا سۆگەت.

سىرلىق سۈكۈت قۇچىقى ئارا،
باش ئەگكەنچە تۇرۇشار رەت ـ رەت.

ئۆزدۈم قانال ئىچىدە سىلىق،
بولۇپ خۇددى پەرۋاسىز بېلىق.

## تۆكۈلگەن ياپراق

يەڭگىل لەيلەپ چۈشتى بىر غازاڭ،
تىنىق، زەڭگەر كۆكنىڭ ئاستىدا.
بولدى ھايات ھېكمىتى ئۈچۈن،
ئانىسىدىن تۇنجى رەت جۇدا.

قىزنىڭ نازۇك نەپىس سايىسى،
قالدى چاقناپ دەرەخ ئاستىدا.
سەبىي چۈشنى ئاپپاق بىر ئاياغ،
چەيلىمەكتە ئېگىز پاشنىدا.

## كۈز باغلىرى

نۇرلىرىنى چېچىپ كەچنىڭ قۇياشى،
تۇتاشتۇردى ئەڭ ئاخىرى مەشئەلنى.
بىر تۇپ ئېرەن يوپۇرمىقى شەھۋەتكە،
ئوخشاپ كېتەر قىزىللىقتا بەئەينى.

قۇچىقىدا بۈك ـ باراقسان ئورمانىنىڭ،
تۇرار ئىدى رەڭدار بوياق تاختىسى.
سۈكۈت ئىچرە ھەمراھ بولار ئۈنىڭغا،
ئېزىپ قالغان شولىلارنىڭ دەستىسى.

نېلۇپەرلىك بىر كۆل بۇندا ئۇنتۇلغان،
ئايان قىلار گىرە ـ گىرە ئەسلىمە.
چۈش ئايلىنار ئورۇندۇقنى ئادەمسىز،
رەڭگى ئۇنىڭ ئۆڭۈپ كەتكەن
بەك خىرە.

## قىش كۈنى

كەچكى قۇياش بىر تال غازاڭدىن،
چۈشتى لەيلەپ كۈل رەڭ ئورماندا.
قاغا قارا كىيگەن دىۋانە،
ئاقۇچ كۆلگە تىكىلەر بۇندا.

قىز ئۇسسۇلدا، ئۆزۈم سەيلىدە،
قىز پەلەينى تاشلىدى سىلىپ.
كۆرۈپ بۇنى،
چاڭغا، تىيىنىنى
قالدىم تۇشتىن ئېسىمگە ئېلىپ.

## گۈگۈمدىكى شاپتۇلزار

ئاسماندىكى سەرگەردان قاغا،
شاخلار ئارا ئۆتتى پالاقلاپ،
سېھىرلىك پال سالدى مەست چۇقان.
سولدى مىڭلاپ شاپتۇل دەرىخى،
غەم تۇپەيلى پەلەك ئاستىدا.
مىستىن پۇتكەن مىڭلىغان كىرېست،
تۇرار جىمجىت زاۋال قوينىدا.

## ئۇيقۇسىز چاغلار

يامىشىدۇ ئۆزگە ياستۇققا،
تۇن نىسپىدە چۇشلىرىم مېنىڭ.
سۇمبۇل - سۇمبۇل چاچىنىڭ كەينىدە،
غايىب بولار پارچىسى ئۇنىڭ.

پەسلىمەكتە دەۋرىگەن دېڭىز،
گۈللۈك لۆڭگە لەيلەيدۇ سۇدا.
كۆلەڭگىسى ئىككى ئادەمنىڭ،
يۆلەنمەكتە قان رەڭ بارخانغا.

شاخلىرىغا بىر تۇپ پىكوسنىڭ،
زېرىككەن ئاي ئۆلدى ئېسىلىپ.
دېرىزەمنىڭ كۆزنەكلىرىگە،
تاتىراڭغۇ تىلىنى سېلىپ.

## تۇغۇلغان كۈن

قىيپاش تۇرغان سائەت مۇنارى،
تەنها قايتىپ كەلدى بىر قاغا.
هايات بىر رەت ئۇرسا قوڭغۇراق،
ساپتۇ كىم قۇلاق
قوڭغۇراقتىن چىققان ساداغا.

مەزمۇت گەۋدەڭ ئۈزىدى يىراق،
شۇ قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزغا قاراپ.
قاراپ ئېزىتقۇ تىلسىم شەھەرگە،
قاراپ كۆل رەڭ كىرېستلەرگە.

## چۆككەن نىگاھ

پالۇبىنىڭ ئۈستىدە كېچە،
دەل ئۇ ئۇزاق تۇرغان يەرنىڭ ئۈستىدە
باقتىم مەنمۇ رېشاتكىغا يۆلىنىپ.
بارمىكىن دەپ ئىزدىدىم.
ئۇنىڭ غايىب نىگاھلىرىنى،
تۇم قارىيىپ ئاققان دەريا يۈزىدە.

كۆرگىنىم پەقەت،
ئاي شولىسى يېتىم قولۋاقتەك.

تېز ئېقىنىنىڭ شاۋقۇنىدا ئۇ،
پاچاقلاندى ئۇنسىز ـ ساداسىز.
پارچىلار
چۆكۈپ كەتتى تارىخىغا دەريانىڭ.
كۆرەلمىدىم ئۇنى قايتىدىن.
توساتتىنلا سەۋەبى يوق بىر ھەسرەت،
ئۆتكىنىدە ئاستا سىيپاپ قەلبىمدىن.
ئۇنىڭ چۆككەن نىگاھلىرى چاقنىدى،
زامانلارنىڭ ئېقىنىدىن، شاۋقۇنىدىن.

## خۇدا ۋە نىچشې

ئالتىنچى كۈن دەل خۇدا
ئىلاھلارغا بىھۆرمەتلىك قىلغان كۈن.
ئىلاھىي بىر زېرىكىش
ئوغىسىنى قاينىتىپ ئۇنىڭ
ئويلاپ قالدى ياراتسام دەپ جانىۋار.

يارىتىشنى ئويلىماپتۇ ئۇ، بىراق
ئۆزىدىنمۇ ئىلاھىي بىر ئادەمنى
جاكارلىدى شۇ ئادەم
خۇدا ئۆلدى دەپ.

يارىتىشنى ئويلىماپتۇ ئۇ يەنە
ئۆزىدىنمۇ زېرىكىشلىك ئادەمنى.

بولۇپ قىساسكار
مەجرۇھلىرى ئىچىشىنى.

(ئاپتورنىڭ «غەمكىن ھەۋەس» ناملىق شېئىرلار توپلىمىدىن تەرجىمە قىلىندى؛ «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 1992 - يىللىق 2 - سانىدىن ئېلىندى.)

# گۇ چېڭ شېئىرلىرىدىن



[ئىلاۋە: گۇ چېڭ (顾城، 1956 — 1993) جۇڭگو بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدىكى «گۇڭگا شېئىر» ۋەكىللىرىنىڭ بىرى. شائىر ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتىنى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىن بۇرۇنلا باشلىغان بولۇپ، ئەسەرلىرىدە بالىلارغا خاس ساپ، سەممىي دۇنيا، خىيالىي تۇس ناھايىتى قويۇق بولغاچقا، چۆچەكتەك تۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرى چاغداش جۇڭگو شېئىرىيىتىدىكى كلاسسىك نەمۇنىلەرگە ئايلىنىپ، پات - پات قايتا نەشر قىلىنىپ تۇرىدۇ.]

## ئاي - يۇلتۇزلارنىڭ كېلىپ چىقىشى

يىرتسام دەپ كۆك يۈزىنى دەرەخ شېخى،
ئېچىپتۇ نەچچىلىگەن يوچۇقلارنى.
ئادەملەر ئاي - يۇلتۇز دەپ ئاتىۋاپتۇ،
تۆشۈكتىن ئۆتۈپ چۈشكەن يورۇقلارنى.

1986 - يىلى، قىش

## ئۈرۈقنىڭ چۈشى

ئۈرۈق باھار چۈشەپتۇ مۇزدەك تۇپراقتا.

چۈشەپتۇ ئۇ
قېرى قىش ئىلاھىنىڭ كۆمۈلگىنىنى
كېلەتتى بىر ئۆسمۈر رەڭدار ئۇپۇقتا.

چۈشەپتۇ ئۇ
ئۆزىنىڭ تىترەپ تۇرۇپ كېرىلگىنىنى
كىرپىكتە ئالماسلار چاقنار ئۇ تاپتا.

چۈشەپتۇ ئۇ
قولداش كېپىنەكنىڭ سۆيۈشلىرىنى
پىلە ھەدە يېڭى پەردە ئاچماقتا.

چۈشەپتۇ ئۇ
باللار ئاچقۇدەك سەبىي كۆزىنى
گويا يۇلتۇز، ئاي پارلىغان ھەرياقتا.

ئۈرۈق باھار چۈشەپتۇ مۇزدەك تۇپراقتا،
يوغان بىر تاش بېشىنى بېسىپ تۇرماقتا.

1979 ـ يىلى يانۋار

## تار كوچا

تار كوچا
ئۇزۇن ھەم ئەگرى

كۆزنەك يوق
يوق ھەم ئىشكى

قېلىن تاملارنى چېكىمۋاتىسەن
ئېلىپ كونا ئاچقۇچنى.

1980 ـ يىلى ئىيۇل

## قار ئادەم

ئىشىكىڭنىڭ ئالدىدا
ياسىدىم مەن قار ئادەم
ئايان بولسۇن سېنى ئۇزاق
ساقلايدىغان ئىرادەم.

ئېلىپ چوكا كەمپۈتۈڭنى
تاتلىقىنە يۈرىكىڭنى
سانجىپ قويدۇڭ قار ئادەمگە
سۆزلەپ تۇرۇپ شادلىقىڭنى.

كۆلۈپمۇ قويمىدى ئاشۇ قار ئادەم
چىقارمىدى ھېچقانداق سادا
تاكى كېلىپ باھار ئاپتىپى
ئېرىتىپ ئۇنى قىلغۇچە ئادا.

قېنى، ئادەم، قەلب ھەممىسى؟
كۆز يېشىدىن ھاسىل بولغان
كىچىككىنە كۆلچەك بويىدا
تۇرار پەقەت ھەسەل ھەرىسى.

1980 ـ يىلى فېۋرال

## يىراق ۋە يېقىن

سەن
بىردەم ماڭا قارايسەن
بىردەم بۇلۇتقا

ھېس قىلسام
ماڭا باققىنىڭدا شۇنچە يىراقسەن
بۇلۇتقا باققىنىڭدا شۇنچىلىك يېقىن.

1980 ـ يىلى ئىيۇل

## ئەقىدە

چوڭ بولۇر ئەقىدە زېمىن ئىلكىدە
پەسلى كۈز قانچە بولسا باھارمۇ شۇنچە
پىل بولسىلا بولىدۇ چىشى
تومۇزغا بولسىلا بولۇر تارىسى
قايتىدىن كېلىمەن بۇ دۇنياغا
بىر دەستە زىيامەن
تۇتۇننىڭ ئۆزى.

1980 ـ يىلى مارت

## تەرجىمىھال

ھەسرەتلىك بىر بالىمەن
چوڭ بولمىغان
شىمالنىڭ يايلىقىدىن چىقىپ كەلگەن
ئاقارغان بىر يولنى بويلاپ مېڭىپ
چىشلىق چاق شەھىرىگە كىرىپ كەلگەن.
كىردىم تارغىنە رەستىلەرگە
كەپە ئۆي
پاكار ـ پاكار يۇرەكلەرگە
سۇس تۇتەك ئارىسىدا قېلىپ ئۆزۈم
يېشىللىق قىسسىسىنى سۆزلەيمەن
ئىشىنىمەن زوقمەنلىرىمگە ــــ

ئاسمانغا، دېڭىزدىكى تامچىلارغا
ياپار ئۇلار ھەممە نەرسەمنى
ياپار ھەتتا تېپىلماس ئاشۇ قەبرەمنى.
بىلىمەنكى، ئاشۇ چاغدا
توپلىشىپ گۈل ـ گىياھلار چىقىپ كېلەر
چىراغلار خىرەلەشكەن دەقىقىدە
قۇچۇپ مېنىڭ ھەسرىتىمنى يېنىك سۆيەر.

1980 ـ يىلى ئۆكتەبىر

## چىراغ ئىزدەيمىز

شۇنچە يىراق يۇرۇپ
چىراغ ئىزدەيمىز

سەن دەيسەن ئۇنى
دېرىزە پەردىسىنىڭ كەينىدە
قورشاۋىدا ئاپپاق تاملارنىڭ
گۇگۇمدىن كۆچۇپ كەلگەن ياۋا گۇللەر
كىرمەكچى ئىكەنمىش يەنە بىر رەڭگە

شۇنچە يىراق يۇرۇپ
چىراغ ئىزدەيمىز

سەن دەيسەن ئۇنى
تۇرىدۇ بىر كىچىك بېكەتتە
قاراپ ئەتراپتىكى ياۋا ئوتلارغا

جىمجىت پويىزنى ئۆتكۈزۈۋېتەر
ئىچى تولغان ئىللىق ئەسلىمىلەرگە.

شۇنچە يىراق يۇرۇپ
چىراغ ئىزدەيمىز

سەن دەيسەن ئۇنى
تۇرىدۇ دېڭىزنىڭ بويىدا
ئاپېلسىندەك چىرايلىق ئۇ
ئاڭا ئامراق باللار
يېتىلگۈسى شەھەر قوينىدا

شۇنچە يىراق يۇرۇپ
چىراغ ئىزدەيمىز.

1980 ـ يىلى نويابىر

## ئىدىيە دەرىخى

بارىمەن هارارەتلىك زېمىنغا دەسسەپ
ئۇستۇمدە قۇياش گۇلدۇرى
ئاستىمدا ماگما
يالاڭ ئاياغمەن
دۇگىلەك سايىسى يوق چىغ توقۇلمىنىڭ
مەندە بارى پەقەتلا يۇرەك
ئويلايدۇ ئۇ هەمىشە
شەبنەم تامچىسىنىڭ سۇزۇكلۇكىنى.

ئىزدەپ
ئىشەنگىلى بولغۇدەك نەرسىلەرنى
كۆپ جايلارغا بارغانمەن
شاماللار ئۇپراتقان خارابىلەرگىمۇ
كۆرگەنلىرىم پارس سەبدەسى
توزۇپ
ئىسسىق شاماللاردا ئۇچۇپ يۈرگەن.

گۈزەللىك ۋە ھايات
مەڭگۈلۈكتىن بەرمەيدۇ دېرەك.
شۇنداق بىر ئۈسۈملۈك بارمىكىن، بەلكىم
يانار تاغ تەپتىگە كۆنۈپ كەتكەن
ئۇمىدسىزلىكتە ئۈسۈشكە ئادەتلەنگەن
قىياغا قالدۇرۇپ يېرىقلارنى ئۇ
ئۆلۈمگە ئۆزىنى بەخشەندە ئەتكەن
كۆنگەن ئەزرائىل پىرامىداسىدا
قىدىرىشقا يۇلتۇزلۇق كۆكنى
ئۇ يېشىل ئاۋازىنى ئىشلىتىپ قايتا
چاقىرىدۇ ۋاقىتنى.

شۇنداق قىلىپ، چۈش جىلغىسىدىن
كۆردۈم مەن ئۇلارنى
قوڭۇر رەڭ تاشلارنىڭ غۇلاشلىرىنى
شاخلار
قوللىرىنى يايغان ھەر تەرەپكە
مىڭلاپ ئىدىيە مېۋىسى
كەچكى شەپەق قوينىدا تۆكۈلمەكتە
ئاستا ـ ئاستا

ئاستا ـ ئاستا
ئاستا ـ ئاستا
ئازابلىق زېمىننى سۈمۈرمەكتە.

1980 ـ يىلى دېكابىر

## تۇپراق ئەگرى ـ توقاي

تۇپراق ئەگرى ـ توقاي
كۆرەلمىدىم مەن سېنى
كۆرەلمەيمەن پەقەت يىراقتىن
قەلبىڭدىكى كۆك ئاسماننى

كۆك؟ راستتىنلا كۆك
كۆكلىكى تىل
خۇرسەن قىلاي دېدىم دۇنيانى
لېۋىمدە قېتىپ قالدى تەبەسسۇمۇم.

بەرگىن ماڭا بىر پارچە بۇلۇت
سۇرتەي ئۇنىڭدا روشەن ۋاقىتنى
موھتاجدۇر مېنىڭ كۆزلىرىم ياشقا
قۇياشىم موھتاجدۇر ئۇخلاشقا.

1981 ـ يىلى يانۋار

## ئۆزۈمنىڭ ناخشىسىنى ئېيتىمەن

ئېيتىمەن ئۆزۈمنىڭ ناخشىسىنى
پاقىيوپۇرمىقى قاپلىغان يولدا
چاتقال ھەم ياماشقاقلار يىغىلغان بازاردا
قارىغاي ھەم تىيىنلارنىڭ بەزمىسىدە
دالالارنىڭ ئېپتىدائىي خۇشاللىقىدا
ئۆزۈمنىڭ ناخشىسىنى ئېيتىمەن.

ئېيتىمەن ئۆزۈمنىڭ ناخشىسىنى
ئوت ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ قورقۇنچلۇق تۈتۈنلىرىدە
تېزلىك ئۆزگەرتىش ساندۇقىنىڭ مۇرەككەپ قۇرۇلمىسىدا
قۇم چاق ۋە سانائەت بازغانلىرىنىڭ سۆيۈشلىرىدە
ئاشۇ ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئىلگىرىلىشىدە
ئۆزۈمنىڭ ناخشىسىنى ئېيتىمەن.

ئېيتىمەن ئۆزۈمنىڭ ناخشىسىنى
خامۇ ئەمەس، پىششىقمۇ ئەمەس
مەشىق ئاھاڭلىرىنىڭ پەرزەنتىمەن
بارلىق ئوركېستىرغا قاتنىششنى خالايمەن
يوسۇنلارغا بىلدۈرمەسلىك ئۈچۈن
ئۆزۈمنىڭ ناخشىسىنى ئېيتىمەن.

ئېيتىمەن ئۆزۈمنىڭ ناخشىسىنى
دۇنيا تارىختىن بۇرۇنقى جىمجىتلىققا قايتقانغا قەدەر

ئىنچىكە ئاي
دېڭىز بويىدىن كېلىپ دەيدۇ ماڭا:
نېمىشقا ۋە نېمىشقا
ئېيتىسەن ئۆزۈڭنىڭ ناخشىسىنى؟

1980 - يىلى دېكابىر

**گۈلنىڭ ئەقىدىسى**

تاشلاردىن پۈتكەن يولدىن
لەيلەپ چىقتى بىر پارچە چىمەن

تىللادەك كۆلكىسى بىلەن
تاشنىڭ سوغۇقىغا جاۋاب بېرىشتى

ئىشىنىدۇ ئۇلار
تاشلارمۇ ئاخىر بىخلايدۇ دەپ
قوپال قىياپەتتە كۆلۈمسىرەيدۇ دەپ
ئاپتاپ ھەم سايىلەر ئارىسىدا
ئاق كۆڭۈل چىشىنى كۆرسىتىدۇ دەپ.

1984 - يىلى ئاپرېل

**ۋىچىر - ۋىچىر جىمجىتلىق**

قار، پاكلىقى بىلەن
كىشىلەرنىڭ كېلىشىنى رەت قىلىدۇ.
يىراقتا، چاتقال ئارىسىدا

بىر توپ قۇشقاچ ۋىچىرلىشىدۇ.
ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىشىنى دېيىشىدۇ،
دان ساقلاش ئۇسۇلى ھەققىدە دېيىشىدۇ.
ئانا ھەققىدە دېيىشىدۇ،
ھىلال ئاينىڭ قانداقسىگە
سېرىق شارغا ئايلانغىنىنى دېيىشىدۇ.

نۇرغۇن يەرگە باردىم
لېكىن، ئايرىلالمىدىم
ۋىچىر - ۋىچىر ئاشۇ جىمجىتلىقتىن
بەلكىم، يۈرىكىمدە بىر قىش بار
ئاياغ بېسىلمىغان قارلىق بىر دىيار

ئۇ يەردە
چاتقاللار بولۇشۇپ غۇژمەك - غۇژمەك
پاراڭچى قۇشلارنى ئالدى باغرىغا.

1981 - يىلى ماي

## ئۇ يەردە ماڭما

قارايدى ئاسمان
بىر توپ يۇلتۇز يېيىلىپ ئاستا
قاقشال بىر دەرەخنى ئالدى ئارىغا

ئۇ يەردە ماڭما

چۈش بەك چوڭقۇر
پەيلىرىڭ يوق سېنىڭ
ھايات ئۆلچىيەلمەس ئۆلۈم چوڭقۇرلۇقىنى

ئۇ يەردە ماڭما

تاغدىن چۈشكىن
تەكرارلاشقا موھتاج بۇ ھايات
تەكرارلاش، ئۇ يول.

بۇ يەردە ماڭما

خەير ــ خوش ئۈمىدسىزلىك
خەير ــ خوش شامالدىكى جىلغىلار
يىغلاش ئۇ بەخت

ئۇ يەردە ماڭما

چىراغ نۇرى
بۇغدايلىق قىرىدىكى يېڭى غۇنچىلار
تەۋرىتەر سۈبھىنىڭ پەردىسىنى

1981 ــ يىلى ئاپرېل

## كېتەي ئەمدى

خەير ــ خوش، تۈندىكى سائەت مۇنارى
تەشەككۈر، مەن ئۇزاپ كېتىمەن ئەمدى

يېتەر دەپ ئېلىپ كەتكەن يۈلتۈزلىرىمنى
قايتىلاپ ۋەھىمە يېمەيمەن ئەمدى.

خەير ـ خوش، سىلەرگە قوپال قاشالار،
راستىنلا مەن ئۆزاپ كېتىمەن ئەمدى.
دېمەڭلار قاغىغا بوتخانا ئىچرە،
ئالما ئوغرىلاش ھېكايىمىزنى.

خەير ـ خوش، قاشتىكى ئەي ئۆششاق قۇملار،
سەھەردە ئامان قال، ئەمدى مەن ماڭاي.
مەڭگۈلۈك غەپلەتكە پېتىپ بىرەر كىم،
چار مىختىن خەندە گۈل تاما قىلمىغاي.

مەن ماڭاي، مەن ماڭاي بۇ يەردىن ئۆزاپ،
يېشىل تۇمان باسقان يىراق ئىقلىمغا.
دېرىزەڭ ئالدىغا كېلىپ قالدىم نېچۈن،
ئەھدە قول ياغلىقى تۇرۇپتۇ ئۇندا.

ياق، بۇ مەن ئەمەس، مەن ئەمەس زىنھار،
ھەممە سەۋەنلىك شۇ قوڭۇر رەڭ تايدا.
ئاخشامقى دەھشەتلىك قەسەمنى بىلمەي،
مېنى باشلاپ كەپتۇ ئۆيۈڭ ئالدىغا.

1982 ـ يىلى فېۋال

## تۇغۇلغان كۈن

تۇغۇلغان كۈنۈم ئۈچۈن
رەھدار ھەمىيانغا ئىگە بولدۇم مەن
تايىنى يوق پارچە پۇللارنى
ياقتۇرۇپ كەتمەيمەن، گەرچە پۇلسىز مەن.

بېرىپ شۇ غەلىتە دۇكىنىڭ كەينىگە،
قارىدىم ئۈزخۇمار نازۇك گۈللەرگە.
دېدىمكى، گۈللەرنىڭ ئۇرۇقلىرىنى،
ساقلاشقا ئىسكىلات بار بولدى مەندە.

گۈللەر ئۇرۇقىغا تولدى ھەمىيان
بەزىسى تۇم قارا كىچىك كۆزلەردە
تەشۋىشنى قويۇڭلار دېدىم ئۇلارغا
ئاپىرىمەن سىلەرنى باھار ئۆيىگە
يېشىل چاپان كىيىپ سىلەر ئۇ يەردە
يارىشار ھەم يېشىل جىيەكلىك دوپپا

بار مەندە ھەمىيان، كېرەك ئەمەس پۇل
خۇشۇم يوق بىخلانماس تەڭگىلەر بىلەن
ئۈندىكى پەۋەس گۈل ئۇرۇقلىرىنىڭ
تۇغۇلغان كۈننى بىلگۈم بار جەزمەن.

1981 ـ يىلى دېكابىر

## دەسلەپكى ياز

شالاڭلىدى قارا بۇلۇتلار
قايتتىم مەھەللىگە
چىقىپ ئاينىڭ يۇپيۇمىلاق كۆزىدىن
ھالقىپ گۈزەل، جىمجىت سۇلار يۈزىدىن.

ئۆسمەكتە كوكاتلار يېڭى لاي تامدا

ھەربىر ئىشىك
ئاكاتسىيە چېچەكىدەك غۇبارسىز، يېڭى
ئوخشاپ كېتەر ئىچى قۇرۇق كونۋېرتقا
جىمجىتلىقنى دېرىزە قەغىزى.

ئىشەنمە ماڭا
ئىشەنمىگىن باشقىلارغا ھەم

تېخى ئويغانمىغان ئاكاتسىيە چېچەكىنى
قىستۇرۇپ قوي دەرۋازىنىڭ ھالقىسىغا
تولسۇن قىسسىلەرنىڭ باشلىنىشى
تەئەججۇپ ھەم گۈللەر ھىدىغا

سەھەر يېقىن
دەرەخلەرگە ياماشقىن دەرھال

چۆرۈۋېتەتتىم چىغ قالپاقلىرىمنى
سېلىۋەتتىم غىلاپلىرىمنى

ئايلاندىم سۈس يېشىل سەرەتانغا
تولالاي دەيمەن خىتابلىرىمنى

قاپتۇ مانا خورازمۇ قېرىپ
ئۆزگەن پەيلىرىمۇ كەتتى سالپىيىپ

سەھەر تۇرغان قىز باللار
داللارغا بېرىپ
باھار قالدۇرغان گىلاسلارنى
ئۈزۈشىدۇ تەبەسسۇم قىلىپ

1982 ـ يىلى فېۋرال

**گىياھلاردەك ئالىمەن نەپەس**

مەن گىياھلاردەك ئالىمەن نەپەس
تۇرۇپ ئېگىز قىرغاقتا
بىلگىلى بولماسكەن سۇنىڭ تېگىنى
قارىلىقى ئەسلىتەر سوم بېلىقنىڭ دۈمبىسىنى

ئاقىرار يىراقتا دەريانىڭ سۈيى
ئاقار ئۇ قاشتىكى قۇملۇق ماكانغا
لال قىلار دولقۇنىنىڭ ئۆرىدەشلىرى
مۇگدىگەن ئاپتاپلار چۈشكەن ئارامغا

يىراقتا جىلۋىلىك ياپيېشىل ئورمان
شامال ئەتمىشنى ئېسىگە ئالغان

شامالدا قېلىشقان نازىنىن گۈللەر
سۆسۈن ياغلىقىنى چىڭ ئوراپ ئالمىغان.

قۇم ھەم توپىلارنى توشار چۇمۇلە
ئۇلار سۆيگۈ ئۈچۈن چېكىشمەس ئازاب
دالادا ھەرىلەر كۈيلىشەر ئەركىن
بىر كۈينى ھەممە گۈل ـ گىياھقا ئاتاپ.

مەن گىياھلاردەك ئالىمەن نەپەس
يېنىك چۈشلىرىمنى باھارغا سۆزلەپ
نۇرغۇن ناخشىلارنى قىلىمەن ئارزۇ
كۈلكەمنى ئەبەدىي يوقىمىسا دەپ.

1982 ـ يىلى مارت

## كېلىش

ئاچ دېرىزىنى، سىلا ئۇسسۇلدىكى كۆز شامىلىنى
قېنىق چايدەك ياز ئەييامى سۇزۇلدى ئەمدى
قارا باسماس يەنە، يوق تۇرۇلگەن سايىلەرمۇ
تىنىقلىرىم بۇلۇت، ئارمانلىرىم ناخشىلار بولدى.

ئاچقىن دېرىزىنى، بولدى مانا كېلەر ۋاقتىم
لەپىلدەيدۇ قارا زۇلفۇڭ، كەينىدە سۇزۇك ئاسمان
يارقىن ئۆگزە، نازۇك بايراق ۋە ئادەم
پەخەس بىلەن ماڭار ئۇلار چىقارماي توزان.

كەلدىم مەن، ئازاب بىلەن كۈتمىگىن مېنى
لەۋلەر ۋەسلى باردۇر يۇمۇلسا كۆزلەر
بىر كېمە بار قۇملۇقتىن قىياغا ماڭغان
ئاپتاپ خادا بولۇپ، سۇزۇك چۈشكە يانتۇ چۈشەر.

يوق شاھىنشاھ، يوق ھەم روھلارنىڭ روھى
مەشۇقۇمسەن، بەربات بولماس ھاياتىم
دۇنيا بىر قەبرىستان ئەسلىمە ئاۋازى بىلەن يېپىنغان
يىراقتىكى ئىشلارنى سۆزلەر قېنىمدا ئاۋازىم.

1982 ـ يىلى ئاۋغۇست

## ياقا يۇرت

سوغۇق يامغۇر
ھۆللەپ ئۆتتى ئويمان ئۆگزىنى
خىيال قىلدىم شىمالنى،
قۇياشىمنى، توزاننى.

چىقىپ شۇ يولدىن،
ئاياغلىرىم مىلەندى لايغا.
قىرتاق بولدى ئېغىزلىرىم،
گىياھلار تۇماندا ئۆرتەندى گويا.

تۈن نىسپىدىن تاڭ سەھەرگىچە،
ئوچاقتىكى ئوتتەك سۆيگەنمەن.
مانا ئەمدى بارماقلىرىم،
ھېس قىلالماس كۈل بىلەن توپىنى.

لايغەزەل تۇتۇن
ئالدىراش ئادەم
ماشىنىلار كېپىنەك قۇرتىدەك تولغىنىپ،
قاچۇرىدۇ ئۆزىنى دوقمۇشتىكى چولپانلاردىن.

كەسپىي ئادىتىم بىلەن
كۆيلەيمەن پىلاستىر كۆزلەرنى
كۆيلەيمەن مودېللارنى،
كۆتىمەن سەبىر بىلەن يانچۇقچى ياكى نىگارنى.

ئۇنتۇپ كەتتىم نالە قىلىشنى،
ئاسماندىن قانداق قېچىشنى.
زەردە بىلەن سىلكىدىم توك سىملىرىنى،
ئۈمىد قىلىپ قۇشلارنى ئۈركۈتۈشنى

## لۇغەت

ئېلىپ كەلدۇق پېچىنە ھەم پىرەنىك
ئېلىپ كەلدۇق چاقناپ تۇرغان ھەرىنى
ئېلىپ كەلدۇق مىخ ھەم تالاي دۇنيانى
مەنبە قىلدۇق غەرق بولغان كېمىنى

چوڭقۇرلۇقتا كۆپۈكلىنەر بۇ دۇنيا
تالاي قېتىم يادنامىگە تېۋىنغان
ئويلاپ قالدىم چوققىدىكى لۇغەتنى
تاڭ قۇياشى ۋاراقلىغان - ئوينىغان

ئۆلتۈردۈم مەن كېلىپ گۈللۈك دىيارغا
مۇشۇ يەردە باشلىنىدۇ ھەممىسى
بىر مىللەتنى تۇغۇپ بەرسۇن رەپىقەم
شاخلار بىلەن تەۋرەر شەمشاد غوزىسى

تىترەپ يېڭنە ياپراقلارنىڭ سىزغىنى
بولۇپ چىقتى دىلدىكى گۈل نۇسخىسى.

1988 ـ يىلى ئىيۇن

(شاڭخەي ئۈچ بىرلەشمە كىتابخانىسى 1995 ـ يىلى 6 ـ ئاي نەشر قىلغان خەنزۇچە «گۆچىڭ شېئىرلىرى كوللىياتى» ناملىق كىتابتىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى.)



策　　划：阿迪力·穆罕默德
责任编辑：阿迪力·穆罕默德
艾买提·萨衣提
特约编辑：艾则孜
责任校对：阿不都热依木·阿不力米提
封面设计：努尔买买提·艾买尔
制　　版：热娜·艾买提江

外国名家名著丛书

**死亡并不邪恶**（维吾尔文）
阿不都卡德尔·加拉里丁　编译

---

新疆人民出版总社
新疆科学技术出版社出版发行
（乌鲁木齐市延安路255号　邮编：830049）
新疆新华书店经销　新疆新华印刷厂印刷
880mm×1230mm　32开本　9.375印张
2013年7月第1版　2013年7月第1次印刷

---

ISBN 978-7-5466-1291-1　（民文）　定价：33.00元

مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن

خەتتات: مۇھەممەتئابدۇللا نۇرمۇھەممەت

## ئابدۇقادىر جالالىددىن تەرجىمە ئەسەرلىرى

غايىۋى دۆلەت

پاراسەتلىك ھايات

ئۆلۈم رەزىل ئەمەس

غەربنىڭ تەپەككۇرى

ھۆكۈمدارلار دەستۇرى

زوروئاستىر شۇنداق دەيدۇ

ئەپلاتون پاراگلىرى — سوقراتنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى

ISBN 978-7-5466-1291-1

定价：33.00元